ئەرەبچە ـ ئۇيغۇرچە ئوقۇشلۇق

# ئەرەب تىلىنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش

# دليل التجويد

تۈزگۈچى: رەھمەتۇللاھ تۈركەش

شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

PIDA

# تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ
# تەخمىنىي سىخېمىسى



图书在版编目（CIP）数据

阿拉伯语维吾尔语会话对照/谢里夫.阿吉，热合木图拉编. —乌鲁木齐：新疆人民卫生出版社，2006．7
ISBN 7－5372-4185-6
I.阿… II.①谢… ②热… III.阿拉伯语－口语－阿拉伯语，维吾尔语(中国少数民族语言)－IV.H379.9

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2006）第 082815 号

责任编辑：亚力坤.阿布都萨拉木
责任校对：阿曼古丽.图尔迪
封面设计：丕大

# 阿拉伯语维吾尔语会话对照（上）

*
新疆人民卫生出版社出版
（乌鲁木齐市龙泉街 66 号 邮编：830004）
乌鲁木齐市丕大商贸有限公司设计中心排版
乌鲁木齐嘉华印务有限公司印刷
新疆新华书店发行
850×1168 毫米 1/32 开本，11.5 印张
2006 年 7 月第 1 版，第 1 次印刷
印数：1-10000
定价：29.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تۇزگۇچىدىن

ئەرەب تىلى دۇنيادىكى ئاساسلىق تىللارنىڭ بىرى، يەنى ب د ت بىكىتكەن دائىم ئىشلىتىدىغان خەلقئارالىق 6 تىلنىڭ بىرى. بۇ تىلنى ھازىر بىر مىليارد 300مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە ئاساسلىق ياكى قوشۇمچە تىل سۈپىتىدە ئىشلىتىدۇ.

نۆۋەتتە، غەربنى كەڭ ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ستىراتىگىيىسىنىڭ تۇرتكىسى، جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا شەرق ۋە ئەرەب ئەللىرى بىلەن بولغان سودا ۋە ساياھەت ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئەرەب تىلىنى ئوقۇشنى ئۆگىنىش ئېھتىياجى كۈنسىرى ئېشىپ بارماقتا. ئۇندىن باشقا، رايونىمىزدا ئەرەب تىلى ئوقۇتۇشى ۋە ئەرەب تىلى ئۆگىنىش دولقۇنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى ھەمدە تارىختىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا بەلگىلىك رول ئويناپ كەلگەن، نوقۇل ئەرەب تىلى ياكى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بىر قىسىم ئەسەرلەرنى مەخسۇس بىلىم ئاشۇرمايمۇ ئوقۇش ۋە چۈشىنىش ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ، بىزدە ئەرەب تىلى فونتىكا بىلىملىرى بويىچە مۇپەسسەل قوللانمىلارنىڭ بولۇشىمۇ جىددىي تەلەپكە ئايلاندى.

كۈنىمىزدە بۇ تەلەپنىڭ سالمىقىنى ئازدۇر- كۆپتۇر

سەزگەن بىر قىسىم كىشىلىرىمىز تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، ئەلگە سۇنۇلغان بىر قانچە ئەسەر نۆۋەتتە خەلقىمىز بۇ جەھەتتىكى ئۇسسۇزلۇقىنى ھەر ھالدا قاندۇردى ۋە قاندۇرۇپ كەلمەكتە. ئەمما شۇنىمۇ كۆرمەي بولمايدۇكى، بۇ ئەسەرلەردە مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى يورۇتۇپ بېرىشكە خىلى كۈچەلگەن ۋە ئۇتۇقلۇق ئەمگەكلەر قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇلاردا بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى تەرجىمە قىلىشتا مەۋجۇت بولغان تىل ئىمكانىيىتىدىن تولۇق ۋە توغرا پايدىلانماسلىق، ئوقۇرمەنلەر بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم مەزمۇنلار تۇتۇق ۋە كەم بولۇپ قېلىشتەك ئەھۋاللار ساقلانغان. مانا بۇ ئەمەلىيەت كەمىنىنى ئازراق بولسىمۇ بىر ئىش قىلىپ، بىزدىكى مەخسۇسلاشقان تەجۋىد قوللانمىلىرى كەم بولۇش بوشلۇقىنى بىر تولدۇرۇپ قويۇش غەيرىتىگە ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزەمنىڭ بىلىمدە چولتا، تەجرىبىدە كەمبەغەل ئىكەنلىكىمگە قارىماي، ئىلگىرىكى ئەمگەكلەرگە ئازراق بولسىمۇ تولۇقلىما بولۇپ قالار، دېگەن نىيەتتە، قولىمىزدا بار بولغان كىلاسسىك تەجۋىد كىتابلىرىدىكى بىلىملەر ۋە ھازىرقى زامان تەجۋىدشۇناسلىقى ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن بىر قاتار يېڭى ئەمگەكلەردىن جانلىق پايدىلىنىش ئاساسىدا بۇ ئەسەرنى تۈزۈپ چىقتىم.

مۇھتەرەم ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى ئەسكەرتكۈم كېلىدۇكى، ئەسەردە بۇرۇنقى ئەسەرلەردىكى تىل

ئادىتىدىن پەرقلىنىش كۆرۈلسە (ھەتتا ئوخشاش بىر ئاتالغۇنى ئۇيغۇرچىغا پەرقلىق تەرجىمە قىلىش جەھەتلەردە)، بۇنى، توغرا نەرسىنى توغرا شەكىلدە يەتكۈزۈش بولۇپتۇ، دەپ چۈشىنىشلىرى كېرەككى، ئەكسىچە، ئۇنى يانىپاشقا ئېلىپلا ناھەق باھا، يەڭگىلتەك ھۆكۈملەرنىڭ داق يېرىگە ئېتىشمىغاي!

ئۈمىدىم، بۇ ئەسەر ھەر بىر ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىنىڭ يېقىن ھەمراھى، قاياشىغا ئايلانغاي!.

ئەسەرنى ھازىرغىچە ئۈزۈم ساقلاپ كەلگەن ماتېرىياللار ۋە توردىكى ئەڭ يېڭى بىلىملەردىن پايدىلىنىپ توغرا ۋە مۇكەممەل تۈزۈشكە تىرىشتىم. شۇنداقتىمۇ، بىلىپ- بىلمەي ئاللىقانداق خاتالىقلاردىن خالى بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. خاتالىق ۋە كەملىك بايقىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ گېپىنى ئالتۇن بىلىپ قوبۇل قىلىمەن.

بۇ كىتاپ ئەرەپ تىلىنى ئۆگىنىۋاتقانلارنىڭ، سۆزلەش قابىلىيىتىنى يۇقىرى كۆتىرىشتە ئەڭ قىيىنىلىدىغان، سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش ئۈچۈن تۈزۈلدى. مىساللار بىردەك ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسى ۋە باشقا تىل بىلىملىرىنى ئۆزىگە تولۇق مۇجەسسەملىگەن «قۇرئان كەرىم»دىن ئېلىندى. قىرائەت، تەجۋىد... قاتارلىق ئەرەپ تىلىغا خاس بولغان ئاتالغۇلار، ئەرەپ تىلىنى توغرا ئوقۇشتىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ(تەجۋىد پەنىنىڭ)

مۇھىملىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن بەزى بايانلار قىستۇرۇلدى. بۇ نوقتىنى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە تىل تەتقىقات خادىملىرىنىڭ توغرا چۈشۈنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇندەرىجە

ئومۇمىي چۈشەنچە ............................................ 1
تەجۋىد توغرىسىدا بايانچە ...................................... 4
تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى (مَخَارِجُ الْحُرُوفِ) .................... 11
ھەرپلەرنىڭ تۈركۈملۈك ناملىرى (اَلْقَابُ الْحُرُوفِ) ................. 17
ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى (صِفَاتُ الْحُرُوفِ) .......................... 21
يوغان ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇز (اَلتَّفْخِيْمُ وَالتَّرْقِيْقُ) ................... 33
ساكىنلىق نون ۋە تەنۋىننىڭ ھۆكۈملىرى (اَحكامُ النُّون السَّاكِنَهِ وَالتَّنوِين) ............................................................. 42
ئاشكارا ئوقۇش (اَلْاِظْهَارُ) ...................................... 44
كىرىشمە قىلىپ ئوقۇش (اِدْغَامٌ) ................................. 47
غۇننىلىك ئىدغام (اِدْغَامٌ بِغُنَّةٍ) .................................. 48
غۇننىسىز ئىدغام (ادْغامٌ بلاَغُنَّةٍ) ................................. 50
ساكىنلىق مىمنىڭ ھۆكۈملىرى(أَحْكامُ الْمِيْم السَّاكِنَةِ) ................ 50
ئىككى ئوخشاش تاۋۇشلۇق ئىدغام (ادْغامُ مُتَمَاثِلَيْن) ................. 55
ئىككى تۈرداش تاۋۇشلۇق ئىدغام (اِدْغامُ مُتَجَانِسَيْن) ................ 56
ئىككى يېقىن تاۋۇشلۇق ئىدغام (اِدْغَامُ مُتَقَارِبَيْنِ) .................. 57
ئۆزگەرتىپ ئوقۇش (اِقْلابْ) ....................................... 57
يوشۇرۇپ ئوقۇش (اِخْفَاءٌ) ......................................... 59
تەشدىدلىك «نون» ۋە «مىم»نىڭ ھۆكۈملىرى (أَحْكامُ النُّون وَالْمِيْم الْمُشَدَّدَتَيْن) ............................................................. 62
ساكىنلىق «لام»لارنىڭ ھۆكۈملىرى (حُكْمُ اللاَمَاتِ) ................. 63
ساكىنلىق ئەلىف (أَحْكَامُ الأَلِفِ السَّاكِنَةِ) ........................... 68
ھەر قايىسى مەدلەرنىڭ ئوقۇلۇشى (أَحْكَامُ الْمَدِّ) ...................... 69
ئالماشما مەد (مَدُّ الْعِوَضِ) ........................................ 71

باغلانما مەد (مَدُّ الصِّلَةِ)........................................72
كىچىك باغلانما مەد (مَدُّ الصِّلَةِ الصُّغْرَي) ..............................73
چوڭ باغلانما مەد (مَدُّ الصِّلَةِ الْكُبْرَى) ..............................73
ھەرپچە تەبىئىي مەد (مَدُّ الْحَرْفِ الطَّبِيعِيِّ) ..............................75
تىگەشمە مەد (مَدُّ الْبَدَلْ) ..............................................75
تۇراقلاشما مەد (مَدُّ التَّمْكِيْنْ)............................................76
تارماق مەد (أَلْمَدُّ الْفَرْعِيُّ) ..............................................77
تۇتاشما مەد (الْمَدُّ الْمُتَّصِلُ) ..............................................78
ئايرىلما مەد (الْمَدُّ الْمُنْفَصِلُ)............................................78
ساكىنغا باغلىق ئۆتكۈنچى مەد (الْمَدُّ الْعَارِضُ لِلسُّكُونِ)............80
ئىزچىل مەد (الْمَدُّ اللاَزِمْ)............................................81
سۆزچە ئېغىر ئىزچىل مەد (الْمَدُّ اللاَزِمُ الْمُثَقَّلُ الْكَلِمِيُّ)..............82
سۆزچە يەڭگىل ئىزچىل مەد (الْمَدُّ اللاَزِمُ الْمُخَفَّفُ الْكَلِمِيُّ) ..........84
ھەرپچە يەڭگىل ئىزچىل مەد (الْمَدُّ اللاَزِمُ الْمُخَفَّفُ الْحَرْفِيّ) ........85
ھەرپچە ئېغىر ئىزچىل مەد (الْمَدُّ اللاَزِمُ الْمُثَقَّلُ الْحَرْفِيُّ) ............86
ئۇلاق ھەمزە ۋە ئۈزۈك ھەمزە (هَمْزَةُ الوصلْ وَالْقطْع)..............89
پېئىل سۆزلەردە باش ھەرپ بولۇپ كېلىدىغان ھەمزىلەر ..............90
ئۈزۈك ھەمزە ...............................................................93
توختاش ۋە باشلاش ھۆكۈملىرى (أَحْكَامُ الْوَقْفِ وَالْاِبْتِدَاء) ..............95
تولۇق توختاش (الوقف التام) ...........................................97
يېتەرلىك ئەركىن توختاش (الوقف الكافى)..............................98
تېگىشلىك توختاش (الوقف اللازم) .....................................99
چىرايلىق بولغان ئەركىن توختاش (الوقف الحسن الإختياري)....100
قەبىھ بولغان ئەركىن توختاش (الوقف القبيح الإختياري)...........101
زورغا توختاش (الوقف الاضطراري)......................................103
زارىقىشلىق توختاش (الوقف الانتظاري) ..............................104
تەجرىبىلىك توختاش (الوقف الاختباري) ..............................104

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ توختاش (الإسْكان المحض)................106
ھەرىكەتنى تۆۋەنلىتىپ توختاش (الرَّوْمُ) ................................107
لەۋ ئۈچلاپ توختاش (الإشْمام)...........................................109
باشلاش (الإبتداء)............................................................111
توختىۋېلىپ ئوقۇش (السَّكْتَةُ)...............................................112
كېرەك ئەسكەرتمىلەر.......................................................113
قۇرئان كەرىمنىڭ بىرلىكلەر بويىچە بۆلۈنۈشى.............................121
ئىستىئازە ۋە بەسمەلە تەرتىبلىرى (الاِسْتِعَاذَةُ وَالْبَسْمَلَةُ)............123
قىرائەت ماھارىتى ھەققىدە...................................................127
«قىرائەت» ئۆگىنىش تەدبىرلىرى...........................................132
ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە توختاش يوسۇنلىرى بويىچە قۇرئاندا كۆپ قوللىنىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر(عَلَامَاتُ الْوقفِ وَمُصْطَلَحَاتُ الضَّبْطِ) ........133

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئومۇمىي چۈشۈنۈك

**س: ئەرەب تىلى سۆزلىرى قانچە تۈرلۈك ؟**

ج: ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار- ئىسىم، پېئىل، ھەرپتىن ئىبارەت.

**س: قىرائەت پەنى توختىلىدىغان سۆز تۈرى قايسى؟**

ج: ھەرپ.

**س: ھەرپ دېگەن نېمە؟**

ج: ھەرپ ــ ئۆزى مۇستەقىل مەنا بىلدۈرمەيدىغان، تەلەپپۇز قىلغاندا، مەلۇم تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىدىن ئىبارەت.

تەجۋىد (قىرائەت پەنى)دىكى ھەرپ ئۇقۇمى بىلەن گراماتىكا (النَّحْوُ) دىكى ھەرپ ئۇقۇمى ئوخشاشمايدۇ، مەسىلەن: «مِنْ» گراماتىكىدا بىر پۈتۈن ھالدا بىرلا ھەرپنى بىلدۈرسە، تەجۋىدتە ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىككى ھەرپنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداق بولغاندا، تەجۋىدتىكى ھەرپ ئۇقۇمى پەقەتلا ئەرەب تىلى تاۋۇشلار سوستاۋىنى تەشكىل قىلغان ھەر بىر يەككە تاۋۇشنى بىلدۈرسە، گراماتىكىدىكى تاۋۇش ئۇقۇمى تىلدىكى ھەر بىر يەككە تاۋۇشنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە يەنە تۈرلۈك ياردەمچى سۆزلەر ــ قوشۇمچىلار سۈپىتىدە كېلىدىغان ئايرىم

فونىمالارنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

**س: ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدە قانچە ھەرپ بار؟**

ج: ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدە 29 ھەرپ بار بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىدىن ئىبارەت.

**س: ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قايسىلار؟**

ج: ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى ھەر بىر ھەرپ ھەرەكىلەر ۋاسىتىسىدە ھەر قاچان سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇم ھاسىل قىلالايدۇ. ئۇنىدىن باشقا 29 ھەرپ ئىچىدىكى «و» «ا» «ي» ھەرپلىرى باشقا ھەرپلەرگە ئوخشاش ئۈزۈك تاۋۇشلارنى ئىپادىلەپ كېلىش بىلەن بىللە يەنە شەرتلىك ھالدا سوزۇق تاۋۇشنىمۇ ئىپادىلەپ كېلىدۇ. بۇ مۇنداق بولىدۇ: ھەر قانداق يەردە «و» ھەرپى باشقا 28 ھەرپنىڭ ئىچىدىكى پەش ئوقۇلغان ياكى شۇنداق يېزىلغان بىر ھەرپنىڭ كەينىدە كېلىپ ساكىن ئوقۇلغان (يەنى مۇستەقىل تەلەپپۇز قىلىنمىسا)، «ا» ھەرپى «و» ھەرپىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا 28 ھەرپنىڭ ئىچىدىكى زەبەر ئوقۇلغان ياكى شۇنداق يېزىلغان بىر ھەرپنىڭ كەينىدە كېلىپ ساكىن ئوقۇلغان، «ي» ھەرپى «و»، «ا» ھەرپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا 28 ھەرپنىڭ ئىچىدىكى زىر ئوقۇلغان بىر ھەرپنىڭ كەينىدە كېلىپ، ئۆزى ساكىن ئوقۇلغان چاغدا ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىردىن سوزۇق تاۋۇشقا

ئايلىنىدۇ.

**س: «ھەرەكە» دېگەن نېمە؟ ئۇلار قايسىلار؟**

ج: ھەرپلەرنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىگە قويۇلۇپ، سوزۇق تاۋۇش، يېپىق بوغۇم (ساكىنلىق تاۋۇش)، مەد(سوزۇش نوقتىسى)، كىرىشمە قىلىش(تەشدىد)، نونلۇق يېپىق بوغۇم(تەنۋىن) ياسىغۇچى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان بىر قاتار بەلگىلەرنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇلار ھەرەكە ياكى ئىئراب (إعرابٌ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى ئۇيغۇر تىلىدا «ئوقۇلغۇ» دەپ ئىپادىلەشمۇ مۇمكىن. ئۇلار:

أَلْكَسْرَةُ ــ تاق زىر: ــِ

أَلْجَرُّ = تَنْوِيْنُ الْكَسْرَةِــ قوش زىر: ــٍ

أَلْفَتْحَةُ = تاق زەبەر: ــَ

أَلنَّصْبُ = تَنْوِيْنُ الْفَتْحَةِــ قوش زەبەر:ــً

أَلضَّمَّةُ = تاق پەش: ــُ

أَلرَّفْعُ = تَنْوِيْنُ الضَّمِّــ قوش پەش ــٌ

الشَّدَّة = تەشدىد ــّ

أَلْمَدُّ = مەد ــٓ

أَلسُّكُونُ = ساكىن: ــْ

أَلِفٌ عَمودِيٌّ، أَلِف خَنْجَرِيٌّ = ئەلىفچە ياكى ئوق زەبەر ــٰ

هَمْزَةُ الَّنبْرَةِ = تون ــ ئۇرغۇ ھەمزىسى ــ ء

ساكىن ـ مۇستەقىل ھەرەكە ھېسابلانمايدۇ. ئۇ، ھەرپنىڭ يۇقىرىدىكى سەككىز ھەرەكەنىڭ ھېچ قايسى بىرىدە ئوقۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## تەجۋىد توغرىسىدا بايانچە

**س: تەجۋىد (قىرائەت پەنى) دېگەن نېمە؟**

ج: تەجۋىدنىڭ سۆز مەنىسى - «ياخشىلاش»، «تۈزەش»، «كۆركەملەش» دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغاندا ھەرپلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىپ، قىرائەت يوسۇنلىرىغا ماس ۋە ئۇيغۇن ھالدا ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە شۇ ھەقتىكى بىلىملەر يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ پەن مۇسۇلمانلاردىكى مەنىۋي مەدەنىيەت ۋە ئىبادەت پائالىيىتىنىڭ چوڭ بىر تۈرى بولغان قۇرئان ئوقۇش ئىشىنىڭ نەزەرىيەۋي ئاساسىدۇر.

**تەجۋىد قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

ج: ئىلمىي تەجۋىد ۋە ئەمەلىي تەجۋىد، دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ

**س: ئىلمىي تەجۋىد دېگەن نېمە؟**

ج: تەجۋىد ۋە قىرائەت ئالىملىرى تەرىپىدىن قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆلچەملىك ئوقۇلۇشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقىلغان قائىدە- ساۋاتلار ۋە بۇلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**س: ئەمەلىي تەجۋىد دېگەن نېمە؟**

ج: بۇ، قۇرئان ئوقۇغاندا تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزگىچە فونېتىكىلىق خاسلىقىنى نامايان قىلىپ، سۆزلەرنى گۈزەل، راۋان، يېقىملىق، توغرا ۋە تەبىئىي ئاھاڭ بىلەن ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەقسەدكە يېتىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنىڭ تاۋۇش زاپىسىنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان 29 تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكى ۋە خاسلىقلىرى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

**س: بۇ ئىككى تۈرلۈك تەجۋىدنىڭ دىنىي ئەمەلىيلىك خاراكتېرى قانداق؟**

ج: ئۇلاردىن ئالدىنقىسىنى ئۆگىنىش كىفايە فەرز (بىركىملىك پەرز)دۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىنچىكىلەپ بىلمەسلىك بىلەن ئەمەل ـ ئىبادەتنىڭ توغرىلىقىغا دەخلى يەتمەيدىغان بىر قىسىم شەرىئەت بىلىملىرىگە ئوخشاش ئۇنى بىر يۇرت ۋە ياكى بىر ئەلنىڭ ئىچىدە ئايرىم ساندىكى كىشىلەر تەپسىلاتلىرى بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇنى باشقىلارغا ئۆگىتىش مەجبۇرىيەتىنى ئادا قىلسا، ھەممىنىڭ قىلغىنىغا يېتەرلىك بولىدىغان پەرزدۇر. ئىككىنچى تۈرلۈكى بولغان ئەمەلىي تەجۋىد بولسا، يۇقارقىنىڭ ئەكسىچە، ھەر بىر ئەر- ئايال مۇسۇلمان ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن باش تارتالمايدىغان، بىراۋنىڭ قىلغىنى يەنە بىراۋنىڭ

قىلغىنىغا تاۋاپ بولالمايدىغان پەرز- پەرزى ئەيىن يەنى ھەركىملىك پەرزدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن تەجۋىد بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە، تەپسىلىي ۋە ئىنچىكە قىسىملارغىچە مەلۇم كىشىلەر ئۆگەنسە، باشقىلار ئۆگەنمىسىمۇ بولىدۇ. بىراق قۇرئان ئوقۇغاندا، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ ئوقۇش- قىرائەت قىلغۇچى ئۈچۈن پەرز ئەيىندۇر. چۈنكى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ توغرىدا كەسكىن قىلىپ: «سەن قۇرئاننى تەرتىل بىلەن(دانىمۇ - دانە، ئۈچۈق) ئوقۇغىن» (مۇززەممىل سۈرىسىنىڭ 3- ئايىتىدە) دەيدۇ. ئېيتىلىشچە، باشقىلار ئۆز ۋاقتىدا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يۇقارقى ئايەتتە دېيىلگەن «تەرتىل»نىڭ مەنىسىنى سورىغاندا، ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) شۇنداق دېگەن ئىكەن: «تَرْتِيْل دېگەن تاۋۇشلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىش ۋە ۋەقف(تۇرغۇچ)لەرنى بىلىش دېمەكتۇر».

دېمەك، ئىبادەتلەر ئىچىدە ئەڭ چوڭ ئىبادەت بولغان قۇرئان ئوقۇش ئىبادەتنىڭ جايىغا چۈشۈشى روھىي جەھەتتىن ئىخلاسنى شەرت قىلسا، ماددىي جەھەتتىن تەجۋىد ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن ئوقۇشنى شەرت قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن قۇرئان ئوقۇغان كىشى مەيلى قارى بولسۇن، بولمىسۇن، ئۇنىڭ تىلاۋىتى تەجۋىد قائىدىسىگە چۈشمىگەنلا بولسا، ئۇنداق ئادەم گۇناھكاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەزىبىر قۇرئان ئوقۇغۇچىلار باركى، قۇرئان ئۇلارغا لەنەت قىلىدۇ» دېگەن

سۆزىدىكى قۇرئان لەنەت قىلىدىغان كىشىلەر دەل قۇرئاننى ئۆز قائىدىسىگە ئۇيغۇن ھالدا سۇپەتلىك ئوقۇمايدىغانلاردۇر. ئۆزىگە ھەر جەھەتتىن مۇكەممەللىك ئىستىگەن مۆئمىن، مۇسۇلماننىڭ بۇ خاسىيەتلىك ئەمەلگە جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىشكە سەل قارىماسلىقى ئەڭ مۇھىم دىنىي مەجبۇرىيەت.

**س: تەجۋىد ( قىرائەت ئىلمى) نى ئۆگىنىشتىن مەقسەت نېمە؟**

ج:باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە، قۇرئان كەرىمنى ئوقۇغاندا تىلنى ئوچۇق ۋە يېپىق خاتالىقلاردىن ساقلاپ قىلىشتۇر. بۇ يەردىكى ئوچۇق خاتالىق ئادەتتە نورمال قۇرئان ساۋادى بارلىكى ھەممە كىشى بىلەلەيدىغان خاتالىقلار مەسىلەن: طاء نى تا، ضاد نى دال ياكى زاء ياكى ظاء، شۇنىڭدەك، عين نى ألف، حاء نى هاء ياكى خاء، صاد نى ثاء ياكى سين، ظاء نى زاء، ذال نى زاء، فاء نى ئۇيغۇرچە پ تەلەپپۇزىدا ئوقۇپ قىلىش، ھەرەكەلەرنى ئالماشتۇرۇپ ياكى ئۆزگەرتىپ (زىرنى زەبەر، زەبەرنى پەش دېگەندەك) قويۇش دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق خاتالىق كۆرۈلگەندە ئايەتلەرنىڭ مەزمۇن - مەنالىرىنىڭ توغرىلىقىغا زىيان يېتىدۇ. بۇ خىل خاتالىقنى سادىر قىلىش ئورتاق قاراش بويىچە ھارام(جىنايەت تۇسىنى ئالغان ئىش) دۇر.

يېپىق خاتالىق بولسا، غۇننە (دىماق تاۋۇشى)

قىلىشقا تېگىشلىك جايدا غۇننە قىلماسلىق، ھەر قايسى مەد نۇقتىلىرىغان دىققەت قىلماسلىق قاتارلىق تەجۋىد بىلىملىرى بويىچە مەخسۇس بىلىم ئالمىغان كىشىلەر ئاسان بايقىيالمايدىغان خاتالىقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىلدىكى خاتالىقمۇ ھارام دەرىجىسىگە بارمىغاندىمۇ مەكرۇھ(قىلىش قارشى ئېلىنمايدىغان، قىلمىغۇلۇق ئىش)قا ياتىدۇ.

**س: تەجۋىد (قىرائەت ئىلمى) پەنىنىڭ ھەر قايسى دىنىي پەنلەر ئارا تۇتقان ئورنى قانداق؟**

ج: بۇ پەن، كىتابلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ شەرەپلىك كىتاب بولغان قۇرئان كەرىمگە مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنى ھەر قانداق ئىلمدىن ئۈستۈن ۋە شەرەپلىكتۇر.

**س: تەجۋىد پەنىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بەرپاچىسى كىم؟**

ج: بۇ پەننى ئەمەلىي ئىجرا جەھەتتە تۇنجى قېتىم بەرپا قىلغۇچى سۆزسىز ھالدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. ئەمما ئۇنىڭدىكى قائىدە- پرىنسىپلارنى يەكۈنلەپ ۋە نەزەرىيەلەشتۈرۈپ چىقىش مىلادىيە 8- ئەسىردە ئۆتكەن، ئەرەبلەرنىڭ داڭلىق تىلشۇناسى خەلىل ئىبنى ئەھمەد فەراھىدىيدىن باشلانغان بىر قاتار قىرائەت ئىماملىرى ۋە ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ قولىدا ئىشقا ئاشقان.

**س: قۇرئان تىلاۋەتنىڭ دەرىجە، قاتلاملىرى قانچە؟**

ج: تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈكتۇر: تەھقىق(التَّحْقِيق)، تەرتىل(التَّرْتِيل)، ھەدر(الحَدْر)، تەدۋىر(التَّدْوِير) .

(1) (التَّحْقِيق)نىڭ سۆز مەنىسى ئەمەلىيلەشتۈرمەك، تەكشۈرمەك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى: قۇرئان كەرىمنى باشقىلارغا ئۆگىتىش غەرىزىدە، تەجۋىد قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن ۋە قۇرئاننىڭ مەنا- مەزمۇنلىرىنى چۈشەنگەن ھالدا سالماقلىق بىلەن، ئالدىرىماي، لەرزان ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

(2) (التَّرْتِيل)نىڭ سۆز مەنىسى سۆزنى رەتلىك، چىرايلىق ئېيتىش، تەلەپپۇز قىلىش دېگەنلىك بولۇپ، بۇ يەردىكى ئاتالغۇلۇق مەنىسى قۇرئاننى يۇقارقىغا ئوخشاش ئالدىرىماي، تەمكىنلىك ئىچىدە ھەربىر ھەرپنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئۇنىڭ مەخرەج ۋە سۈپەتلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىپ توغرا ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ يۇقارقىدىن پەرقى شۇكى، يۇقارقى دەرىجىدە ئۆگىتىش ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭدا بولسا، ناماز ۋە تىلاۋەت ئىبادىتى ئۈچۈن ئوقۇلىدۇ ھەمدە بۇنىڭدا سۈرئەت ۋە رىتىم نىسبەتەن ئىزچىل ۋە مۇقىمراق بولىدۇ.

ئۇ، تىلاۋەت دەرىجىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئالىي دەرىجىدۇر. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ كالامىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان: «قۇرئاننى تەرتىل(دانە- دانە، ئوچۇق) ئوقىغىن» (مۇززەممىل سۈرىسىنىڭ 4- ئايىتىدە)

(3) (الحَـذْر)نىـــڭ ســـۆز مەنىـــسى چۈشـــمەك، تۆۋەنلىمەكتۇر. ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەجۋىد ھۆكۈملىرى ۋە قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ تۇرۇپ، تېز ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

(4) (التَّـدْوِيْر)نىـــڭ ســـۆز مەنىـــسى ئايلانـــدۇرۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى تەرتىل بىلەن ھەدر ئوتتۇرىسىدا ئورتاھال تېزلىكتە قائىدىگە ئۇيغۇن ھالدا ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى
(مَخَارِجُ الْحُرُوفِ)

س: تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرى ( مەخرەجلەر) قانچە؟

ج: ئۇلار ئومۇمەن تۆۋەندىكى 25 ئورۇندۇر

(1) ئۈستۈنكى لەۋ (شَفَةٌ عُلْوِيَّةٌ)

(2) ئاستىنقى لەۋ (شَفَةٌ سُفلية)

(3) ئۈستۈنكى ئوتتۇرا چىش ( ثَنَايَا الْعُليا)

(4) ئاستىنقى ئوتتۇرا چىش (ثنايا سُفْلِيَّة)

(5) ئۈستۈنكى ئارا چىش(الرَّباعِيَات العُلْوِيَّة)

(6) ئاستىنقى ئارا چىش(الرباعيات السفلية)

(7) مەگەن(ئوغرى) چىش (الأَنْيَابُ)

(8) ئېزىق چىش (الأَضْرَاسُ)

(9) ئۈستۈنكى چىش مىلىكى(لَثَوِيَّة عُلْوِيَّةٌ)

(10) قاتتىق تاڭلاي(حَنَكُ الأَعْلى)

(11) يۇمشاق تاڭلاي (أَقْصَى الْحَنَكِ)

(12) كىچىك تىل (لِسَانُ الْمِزْمَارِ)

(13) تىل ئۇچى (طَرَف الْلِسَانِ، أَسْلَةُ الْلِسان)

(14) تىل ئۈستى (ظَهْرُ اللسان)

(15)تىل ئالدى (رَأْسُ اللسان)

(16)تىل ئوتتۇرىسى (وَسَطُ اللسان)
(17) تىل تۈۋى (أَقْصَى اللسان)
(18) بوغۇز يۇقىرىسى (أَدْنى الْحَلْقِ)
(19) بوغۇز ئوتتۇرىسى (وَسَطُ الحلق)
(20) بوغۇز تۈۋى (أقصى الحلق)
(21) تاۋۇش پەردىسى (الوَتَرُ الصَّوْتِيُّ)
(22) كاناي (قَصَبَةُ الْهَوائِيَّةُ- قصبة الرِّئَةِ)
(23) بوغۇز قاپىقى - يۇتقۇنچاق(الْبُلْعُوْمُ)
(24) ئېغىز بوشلۇقى (تَجْوِيْفُ الحلق)
(25) بۇرۇن بوشلۇقى (تجويف الأَنْفِ- خَيْشُومٌ)

تاۋۇش چىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ھەرپلەر بويىچە بۆلۇنۇشى:

1. ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى لەۋ (م ب)
2. ئاستىنقى لەۋ بىلەن ئوتتۇر چىشنىڭ ئۇچى (ف)
3. تىل ئۇچى ۋە ئۈستۈنكى ئوتتۇرا چىشلار (ث، ظ، ذ)
4. ئېزىق چىش (ض)
5. تىل ئالدى بىلەن قاتتىق ۋە يومشاق تاڭلاي (ت، د، ط)
6. تىل ئۇچى بىلەن تۆۋەنكى ئوتتۇرا چىشلار (ز،س)
7. تىل ئۇچى بىلەن ئۈستۈنكى چىش مىلىكنىڭ يۇقىرىسى (ر)
8. تىل ئۇچى بىلەن ئۇتتۇر چىشنىڭ تۈۋى (ن)

9. تىل ئۇتتۇرسى بىلەن ئۈتتۈر چىش مىلىكىنىڭ يۇقىرىسى (ل)

10. لەۋ، تىل ئۇچى، تىل يېنى ۋە ئېزىق چىشلار (ص، ض)

11. تىل ئۇچى، ئوتتۇرسى ۋە تۈۋى ئالمىشىپ كېلىدۇ. (ج، ش، ى)

12. تىل ئۇستى بىلەن قاتتىق تاڭلاي (ق)

13. تىل ئۇستى بىلەن قاتتىق تاڭلاينىڭ يۇقىرى قىسمى (ك)

14. يۇقىرى بوغۇز (خ غ )

15. ئوتتۇرا بوغۇز (ع ح)

16. بوغۇز تۈۋى (ھ ع)

17. ئېغىز بوشلۇقى (ا و ى)

18. بۇرۇن بوشلۇقى (غنة)

**س: بۇ مەخرەجلەر ئومۇمەن قانچە چوڭ رايونغا بۆلۈنىدۇ؟**

ج: تۆۋەندىكى بەش چوڭ رايونغا بۆلۈنىدۇ:

(1) ئېغىز بوشلۇقى رايونى (الجوف)

(2) بوغۇز رايونى (الحلق)

(3) تىل رايونى(اللسان)

(4) ئىككى لەۋ ــ كالپۇك رايونى (الشفتان)

(5) بۇرۇن بوشلۇقى رايونى (الخَيْشُوم)

**س: تاۋۇشلارنىڭ مەخرىجى قانداق بىلىنىدۇ؟**

ج: ھەرقانداق بىر ھەرپنى ساكىنلىق قىلىپ، ئالدىغا ئۇلاق ھەمزە(هَمْزَةُ الْوَصْلِيَّةُ)نى ياكى ھەرىكەتلىك ئوقۇلىدىغان خالىغان ئىككىنچى بىر ھەرپنى ئالىپ كېلىپ ئوقۇغاندا، ئېغىزدىكى ئاۋاز توختىغان يەر دەل شۇ ھەرپنىڭ مەخرىجى بولىدۇ.

**س: ئېغىز بوشلۇقى (جَوْف)دە قانچە مەخرەج بار؟ ئۇنىڭدىن قانچە ھەرپ چىقىدۇ؟**

ج: ئېغىز بوشلۇقى (جوف) دا بىر مەخرەج بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ سوزۇق تاۋۇش ھەرىپى چىقىدۇ. يەنى « ا، و، ع »

**س: بوغۇز (الحلق) دا قانچە مەخرەج بار؟ ئۇنىڭدىن قانچە ھەرپ چىقىدۇ؟**

ج: بوغۇز (الحلق) دا ئۈچ مەخرەج بار بولۇپ، بىرىنچى مەخرەج - بوغۇز، يەنى بوغۇزنىڭ تۆۋەنكى (أقْصى الْحَلْقِ) قىسمى، ئۇنىڭدا ھەمزە (ء)ۋە ھائ (ه) ھەرپلىرى چىقىدۇ. ئىككىنچى: مەخرەج - تاۋۇش پەردىسى، يەنى بوغۇزنىڭ ئوتتۇرا قىسمى (وسط الحلق) ئۇنىڭدىن ئەيىن (ع) ۋە ھائ (حاء) ھەرپلىرى چىقىدۇ.

ئۈچىنچى: مەخرەج – بوغۇز، يەنى بوغۇزنىڭ باش ياكى يۇقىرى قىسمى(ادنى الحلق) ئۇنىڭدىن غەيىن (غ) ۋەخائ (خ) ھەرپلىرى چىقىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**س: تىل (اللسان) دا قانچە مەخرەج بار؟ ئۇنىڭدىن قايسى ھەرپلەر چىقىدۇ؟**

ج: تىل (اللسان) دا ئون مەخرەج بار.

بىرىنچى: مەخرەج ـ تىل ئۇستى بىلەن قاتتىق تاڭلاي بولۇپ، بۇنىڭدىن قاف (ق) ھەرپى چىقىدۇ.

ئىككىنچى: مەخرەج ـ تىل ئۇستى بىلەن قاتتىق تاڭلاينىڭ ئاخىرىقى قىسمى بولۇپ، بۇنىڭدىن كاف(ك) ھەرپى چىقىدۇ.

ئۈچىنچى: مەخرەج ـ تىل ئۇچى، ئوتتۇرىسى ۋە تۈۋى بولۇپ، بۇنىڭدىن جىم (ج)، شىن (ش) ياكى (ع) ھەرپى چىقىدۇ.

تۆتىنچى: مەخرەج ـ تىل يېنى، ئېزىق چىشى بولۇپ، بۇنىڭدىن ضاد(ض) ھەرپى چىقىدۇ.

بەشىنچى: مەخرەج ـ لەۋ، تىل ئۇچى، تىل كەينى بولۇپ، بۇنىڭدىن لام (ل) ھەرپى چىقىدۇ.

ئالتىنچى: مەخرەج ـ تىل ئۇچى بىلەن ئوتتۇرا چىشنىڭ تۈۋى (ل) نىڭ چىقىش ئورنىدىن ئازراق تۆۋەندە بولىدۇ. بۇنىڭدىن نون (ن) ھەرپى چىقىدۇ.

يەتتىنچى: مەخرەج ـ تىل ئۇچى بىلەن ئۈستىنكى چىش مىلىكىنىڭ يۇقىرىسى بولۇپ، نون نىڭ چىقىدىغان ئورنىدىن سەل كەينىدە ئۇنىڭدىن رائ (ر) ھەرپى چىقىدۇ.

سەككىزىنچى: مەخرەج ـ تىل ئۇچى بىلەن قاتتىق ۋە يۇمشاق تاڭلاي بولۇپ، تىل ئۇچىنچىدىن باشلىنىپ ئۇستۇنكى تامغاق ـ قاتتىق تاڭلايغا ئۇرۇلىدۇ.

ئۈنىڭدىن(ط)، (د)، (ت)ھەرپلىرى چىقىدۇ.

توققۇزىنچى: مەخرەج - تىلنىڭ ئىنچىكە ئۇچى بىلەن تۆۋەندىكى، يۇقىرىقى ئوتتۇر چىشلار بولۇپ، ئۈنىڭدىن(ص، ز، س) ھەرپلىرى چىقىدۇ.

ئونىنچى: مەخرەج - تىل ئۇچى ۋە ئۈستۈنكى ئوتتۇر چىشلار بولۇپ، ئۈنىڭدىن(ث، ذ، ظ) ھەرپلىرى چىقىدۇ.

**س: ئىككى لەۋ (الشَّفَتَيْنِ) دا قانچە مەخرەج بار؟ ئۈنىڭدىن قايسى ھەرپلەر چىقىدۇ؟**

ج: ئىككى لەۋدە ئىككى مەخرەج بولۇپ، ئۇلار:

بىرىنچى مەخرەج: تۆۋەنكى لەۋنىڭ ئىچكى قىسمى بىلەن ئوتتۇر چىشنىڭ ئۇچى بولۇپ، بۇ جايدىن (ف) ھەرپى چىقىدۇ.

ئىككىنچى مەخرەج: ئىككى لەۋ ئوتتۇرسىدا بولۇپ، بۇ جايدىن (ب، م ) ھەرپلىرى چىقىدۇ.

**س: بۇرۇن بوشلۇقى(الْخَيْشُومُ) دا قانچە مەخرەج بار؟ ئۈنىڭدىن قايسى ھەرپ چىقىدۇ؟**

ج: بۇرۇن بوشلۇقى (الْخَيْشُومُ) دابىر مەخرەج بولۇپ، بۇمەخرەج بۇرۇن بوشلۇقى ۋە ئۆزىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۈنىڭدىن غۇننە (دىماق تەۋۇشى) چىقىدۇ. غۇننە ئادەتتە ساكىنلىق نون ۋە تەنۋىن ھەمدە ساكىنلىق مىملارنىڭ بىرىدىن ئالاھىدە ئەھۋالدا شەكىللىنىدىغان دىماق قوشۇمچە تاۋۇشىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھەرپلەرنىڭ تۈركۈملۈكناملىرى
(اَلْقَابُ الْحُرُوفِ)

**س: ھەرپلەرنىڭ تۈركۈملۈك ناملىرى دېگەن نېمە؟**

ج: ئەرەب تىلىدىكى تاۋۇشلار تەلەپپۇز ئورنىنىڭ يېقىنلىقى ياكى ئورتاقلىقى بويىچە بىر خىل تەلەپپۇز ئورنى نامى ئاستىدا ھەر خىل تۈركۈملەرگە بۆلۈنىدۇ. ھەرپلەرنىڭ مانا شۇ تۈركۈملەر بويىچە ئاتىلىشى ئۇلارنىڭ تۈركۈملۈك ناملىرى ياكى ھەرپلەرنىڭ لەقەبلىرى دېيىلىدۇ.

**س: ئەرەب تىلىدىكى تاۋۇشلار تەلەپپۇز ئورنى جەھەتتىن قانچە تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ؟**

ج: ئۇلار:

گال ھەرپلىرى (اَلْحُرُوفُ الْحَلْقِيَّةُ)

يۇمشاق تاڭلاي ھەرپلىرى (اَلْحُروفُ اللَّهِيَّةُ)

ئېغىز مەركىزى ھەرپلىرى (اَلْحُرُوفُ الشَّجَرِيَّةُ)

تىل ئۇچى ھەرپلىرى(اَلْحُرُوفُ الأَ سَلِيَّةُ)

تىل يېنى ھەرپلىرى(اَلْحُرُوفُ الذَّلْقِيَّةُ)

تاڭلاي ھەرپلىرى (اَلْحُرُوفُ النَّطْعِيَّةُ)

چىش مىلىكى ھەرپلىرى (اَلْحروف اللَّثَوِيَّةُ)

لـــەۋ ھەرپـــلىرى (اَلْحُرُوفُ الشَّفَوِيَّةُ) دەپ 7 تۈركۈمــگە بۆلۈنىدۇ.

**س: گال ھەرپلىرى قانچە؟**

ج: ئالتە ئۇلار ھەمزە(ء)، ھائ (ھ)، ئەين(ع)، ھائ (ح)، غەين(غ)، خائ (خ)

**س: بـــۇلار نىمـــە ئۈچـــۈن گـــال ھەرپـــلىرى دەپ ئاتالغان؟**

ج: بـۇ ھەرپـــلەر گـــال (بـــاش، ئوتتـــۇرا، ئـــاخىرىقى قىسىملىرى) دىن چىققانلىقى ئۈچۈن(حُروفُ الْحَلْقِ) دەپ ئاتالغان.

**س: يۇمشاق تاڭلاي ھەرپلىرى قانچە؟**

ج: ئىككى. ئۇلار:قاف(ق)، كاف(ك)

**س: بـۇ ھەرپـــلەر نىمـــە ئۈچـــۈن يۇمـــشاق تـــاڭلاي ھەرپلىرى دەپ ئاتالغان؟**

بۇ ھەرپلەر يۇمشاق تاڭلايدىن چىققانلىقى ئۈچۈن يۇمشاق تاڭلاي ھەرپلىرى دەپ ئاتالغان.

**س: ئېغىز مەركىزى ھەرپلىرى قانچە؟**

ج: ئـۈچ بولـۇپ، ئـۇلار: جىم(ج)، شـىن(ش)، ئـۇزۇك تاۋۇش بولۇپ كەلگەن يا(يَ يُ يِ)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**س: بۇ ھەرپلەر نېمە ئۈچۈن ئېغىز مەركىزى ھەرپلىرى دەپ ئاتالغان؟**

ج: بۇ ھەرپلەر ئېغىز مەركىزى(شَجَرُ الْفَمِ) دىن چىققانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان. ئېغىز مەركىزى(شجرالفم) دېگىنىمىز تىل ئوتتۇرىسىغا قاتتىق تاڭلاي تېگىپ تۇردىغان قىسىمدۇر؟

**س: تىل يېنى ھەرپلىرى قانچە؟**

ج: ئالتە بولۇپ، ئۇلار: فائ (ف) رائ (ر)، مىم (م)، نون (ن)، لام (ل )، بائ (ب)

**س: بۇ ھەرپلەر نېمە ئۈچۈن تىل يېنى ھەرپلىرى دەپ ئاتالغان؟**

ج: بۇ ھەرپلەر تىل يېنى ۋە ئىككى لەۋدىن چىققانلىقى ئۈچۈن تىل ئۇچى ھەرپلىرى (الحروف الذَّلقية) دەپ ئاتالغان.

**س: تاڭلاي ھەرپلىرى قانچە؟**

ج: ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:تائ (ط)، دال(د)، تا(ت)

**س: بۇ ھەرپلەر نېمە ئۈچۈن تاڭلاي ھەرپلىرى دەپ ئاتالغان؟**

ج: بۇ ھەرپلەر يۇمشاق ۋە قاتتىق تاڭلاي (تامغاق)تىن چىققانلىقى ئۈچۈن، شۇنداق دەپ ئاتالغان.

**س: تىل ئۇچى ھەرپلىرى قانچە؟**

ج: ئۈچ بولۇپ، ئۇلار سواد(ص)، زا(ز)، سىن (س)لاردۇر

**س: بۇ ھەرپلەر نېمە ئۈچۈن تىل ئۇچى ھەرپلىرى دەپ ئاتالغان؟**

ج: بۇ ھەرپلەر تىل ئۇچىدىن چىققانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**س: چىش مىلىكى ھەرپلىرى قانچە؟**

ج: ئۈچ بولۇپ، ئۇلار زوائ (ظ)، زال(ذ)، سا (ث)

**س: بۇ ھەرپلەر نېمە ئۈچۈن چىش مىلىكى ھەرپلىرى دەپ ئاتالغان؟**

ج: بۇ ھەرپلەر ئاستىنقى ئۇدۇل چىشلارنىڭ مىلىكىگە يېقىن يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن شۇنداق دەپ ئاتالغان.

**س: لەۋ ھەپلىرى قانچە؟**

ج: تۆت بولۇپ، ئۇلار بائ (ب)، مىم(م)، فا(ف)لاردىن ئىبارەت

**س: بۇ ھەرپلەر نېمە ئۈچۈن لەۋ ھەرپلىرى دەپ ئاتىلىدۇ؟**

ج: بۇ ھەرپلەر- لەۋدىن چىققانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

# ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى
(صِفَاتُ الْحُرُوفِ)

**س: ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى دېگەن نېمە؟**

ج: ھەرپلەرنىڭ ئۆز مەخرىجىدىن تەلەپپۇز قىلىنىپ چىققان ۋاقىتتىكى جاراڭلىق، جاراڭسىز، يۇمشاق، قاتتىق دېگەندەك خۇسۇسىيەتلىرى ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى دېيىلىدۇ.

**س: ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى قانچە ۋە ئۇلار قانچە تۈركۈمگە ئايرىلىدۇ؟**

ج: ھەرپلەرنىڭ سۈپەتلىرى نوپۇزلۇق قاراش بويىچە 17 بولۇپ، ئۇلار قارشىلىق سۈپەتلەر ۋە قارشىسىز سۈپەتلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) جاراڭلىق تەلەپپۇز (الجَهْرُ)

(2) جاراڭسىز تەلەپپۇز (الهَمْسُ)

(3) قاتتىق تەلەپپۇز (الشَدَّةُ)

(4) يۇمشاق تەلەپپۇز (الرَّخاوَةُ) ئارا تەلەپپۇز (التَّوَسُّط)

(5) كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇز (الإسْتِعْلاءُ)

(6) چۈشۈرەڭگۈ تەلەپپۇز (الإسْتِفَالُ)

(7) چاپلىما تەلەپپۇز (الإطْبَاقُ)

(8) ئوچۇق تەلەپپۇز (الإنْفِتَاحُ)



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(9) راۋان تەلەپپۇز (الإذْلاَقُ)
(10) ئېغىر تەلەپپۇز (الإصْمَاتُ)
(11) ئىسقىرتىسمان تەلەپپۇز (الصَّفِيْرُ)
(12) تەۋرەڭگۈ تەلەپپۇز (الْقَلْقَلَةُ)
(13) سىلىق تەلەپپۇز (اللِّيْنُ)
(14) قايرىما تەلەپپۇز (الإنْحِرَافُ)
(15) ياندۇرما تەلەپپۇز (التَّكْرِيْرُ)
(16) چاچما تەلەپپۇز (التَّفَشِّيُ)
(17) سوزۇلما تەلەپپۇز (الإسْتِطَالَةُ)

**س: قارشىلىق سۈپەتلەر قايسىلار؟**

ج: ھەرپلەرنىڭ ئون يەتتە سۈپىتى ئىچىدىكى بەشى يەنە بەشىگە قارشى بولغان ئون سۈپەتتۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

(1) «جهر» سۆز مەنىسى ئاشكارا قىلىش، ئوچۇقلاشتۇرۇش. ئاتالغۇلۇق مەنىسى تاۋۇشنى تىنىقنى چەكلەپ تۇرۇپ مەخرەج ئاساسىدا كۈچلۈك ۋە ئېنىق تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇشلار 19 بولۇپ ، ئۇلار «ظَلَّ قَوْرُ بَضٍّ إذ غَزا جُنْدٌ مُطِيعٌ» دىگەن سۆزلەر تۈركۈمىگە جەملەشكەن. جهرنىڭ قارشىسى پىچىرسىمان تەلەپپۇز (همس)دۇر.

(2) «همس» سۆز مەنىسى شىۋىرلاش، پىچىرلاش. ئىلمى مەنىسى تاۋۇشنى تىنىق ئېقىمنى چەكلىۋالماي ئەركىن قويىۋېتىپ، مەخرەجگە بەك تايىنىپ كەتمەي

تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يوسۇندا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر 10 بولۇپ، ئۇلار «فَحَثَّهُ شَخْصٌ سَكَتْ» دېگەن سۆز تۈركۈمىگە جەملەشكەن.

(3) «إستعلاء» سۆز مەنىسى ئۆرلەش، كۆتۈرۈلۈش، ئاتالغۇلۇق مەنىسى تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ بىر قىسمى ياكى كۆپ قىسمىنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر يەتتە بولۇپ، ئۇلار «خُصَّ ضَغْطٍ قِظْ» سۆز تۈركۈمىگە جەملەشكەن. كۆتۈرەڭگۇ تەلەپپۇزنىڭ قارىشىسى (استفال) چۈشۈرەڭگۇ تەلەپپۇزدۇر.

(4) «استفال» سۆز مەنىسى تۆۋەنلەش دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمى مەنىسى تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ بىر قىسمى ياكى كۆپ قىسمىنىڭ يۇمشاق تاڭلاي تەرەپكە تارتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھالەتتە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر يىگىرمە ئىككى بولۇپ، ئۇلار «ثَبَتَ عِزُّ مَنْ يَجُودُ، حَرْفُهُ إِذْ سَلَّ شَكَّاً» دېگەن بەيتكە جەملەشكەن.

(5) «إطباق» سۆز مەنىسى چاپلىشىش، دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى مۇشۇ خىلدىكى تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، قاتتىق تاڭلايغا تەككۈزۈلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنداق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر تۆت بولۇپ، ئۇلار «وَصادٌ ضادٌ ظاءٌ طاءٌ مُطْبَقَةٌ» دېگەن بۇ مىسرادىكى صاد، ضاد، طاء، ظاء قاتارلىق تۆت تاۋۇشتۇر. إطباق

سۈپەتنىڭ قارشىسى (إنفتاح) دۇر.

(6) «إنفتاح» سۆز مەنىسى ئېچىلماق، ئاجرىماق دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمى مەنىسى ھەرپلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنىڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەي، تىل بىلەن قاتتىق تاڭلاي ئوتتۇرسىنىڭ ئوچۇق تۇرىشى ۋە بۇ ئارقىلىق ھاۋانىڭ ئەركىن ئۆتۈپ تۇرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ خىل ھالەتتە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر بەش بولۇپ، ئۇلار ئەرەب تىلى ئېلىپبەسىدىكى يۇقاردا دېيىلگەن اطباق تاۋۇشلىرىدىن باشقا بارلىق تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تاۋۇشلارنى كونكرېت قىلىپ مۇنداق ئىپادىلەشمۇ مۇمكىن: «مَنْ أَخَذَ وَجَدَ سَعَةً فَزَكَا حَتَّى لَهُ شُرْبُ غَيْثٍ»

(7) «اذلاق» سۆز مەنىسى تىلدىكى ئۆتكۈرلۈك، راۋانلىق دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا تەلەپپۇز ھەرىكىتىگە پەقەت تىل بىلەن لەۋلا قاتناشتۇرۇلۇپ، تاۋۇشنىڭ تېز ۋە قولاي ھالدا تەلەپپۇز قىلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر ئالتە بولۇپ، ئۇلار « فِرَّ مِنْ لُبٍّ » دېگەن سۆزگە جەملەشكەندۇر. بۇ خىل سۈپەتنىڭ قارشىسى «اصمات» دۇر.

(8) «اصمات» سۆز مەنىسى چەكلەش، توسۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمي مەنىسى مەلۇم تاۋۇشلارنىڭ ئەسلي تاۋۇشى تۆت تاۋۇشلۇق ۋە بەش تاۋۇشلۇق سۆزلەرنىڭ بىر پۈتۈن تەركىبى بولۇپ كېلىشىگە

تەلەپپۇزىنىڭ قىيىنلىقى تۈپەيلىدىن يول قويۇلماسلىقى، نەتىجىدە شۇ سۆز تەركىبىدە ئۇ خىل تاۋۇشلاردىن باشقا يۇقارقى راۋان تەلەپپۇزلۇق تاۋۇشلاردىن بىرەرسىنىڭمۇ تەڭ مەۋجۇت بولۇشى كېرەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى تاۋۇشلار يىگىرمە ئۈچ بولۇپ، ئۇلار:«جُزْ غِشَّ ساخِطٍ صِدْ ثِقَةً إذ وَعْظُهُ يَحُضُّكَ» دېگەن سۆزگە جەملەشكەن. يەنى: ج، ز، غ، ش، س، ا، خ، ط، ص، د، ث، ق، ت، أ، ذ، و،ع، ظ، ه، ي ،ح، ض، ك لەردىن ئىبارەت.

(9) «رخاوة» سۆز مەنىسى يۇمشاق بولماق، ئەۋرىشىم بولماق، دېگەنلىك بولۇپ، كەسپىي ـ ئىلمىي مەنىسى بۇ خىلدىكى تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا مەخرەجگە تايىنىشىلىش كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ مەخرەجنىڭ چەكلىمىسىگە بەك ئۇچراپ كەتمەي ئەركىن ئېقىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈردىكى ھەرپلەر 16 بولۇپ، ئۇلار «خُذْ غَثَّ حَظٍّ قَضَّ شَوْصٍ زِيَّ ساهٍ» سۆزلەر تۈركۈمىگە جەملەشكەن. بۇ سۈپەتنىڭ قارشىسى چىڭ تەلەپپۇز (شَدَّة)دۇر.

(10) «شَدَّة» سۆز مەنىسى قاتتىق بولماق، چىڭ بولماق، دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئەركىن قويۇۋېتىلمەي مەخرەج تەرىپىدىن قاتتىق تىزگىنلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىنىدىغان

تاۋۋشلار 8 بولۇپ، ئۇلار «أَجِدُ قَطٍ بَكَتْ» دېگەن سۆزگە جەملەشكەن. شَدَّة بىلەن رخاوة نىڭ ئارىسىدا «توسط» دەيدىغان بىر سۈپەت بولۇپ، بۇ سۈپەتتىكى ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇز سۈپىتى ھەم «شَدَّة» ھەم «رخاوة» ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن ئارا تەلەپپۇز (توسط) دەپ ئاتىلىپ، ئادەتتە مۇستەقىل بىر تۈر ھېسابلانماي «رخاوة» سۈپىتىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. بۇ تىپتىكى ھەرپلەر بەش بولۇپ «لِنْ عُمَرْ» دېگەن سۆزگە جەملەشكەن.

ھەرپلەرنىڭ ئون يەتتە سۈپىتى ئىچىدە 7سۈپەت بىر بىرىگە قارىمۇ قارشى بولمىغان سۈپەتلەردۇر. ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) «صفير» سۆز مەنىسى ئىسقىرتىش، سايراش، ئىلمىي مەنىسى تاۋۋشنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئاۋازنىڭ ئۇدۇل چىش بىلەن تىلنىڭ ئۇچىدىن ئىسقىرتقاندەك چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئىسقىرتىسىمان تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر ئۈچ بولۇپ، ئۇلار «ر، ز، س»دىن ئىبارەت.

(2) «قلقلة» سۆز مەنىسى مىدىرلاتماق، تەۋرەتمەك دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى تاۋۋشنى تەلەپپۇز قىلغاندا مەخرەجدىن چىقماقچى بولغان ئاۋاز چىقىپ بولغاندىن كېيىن شۇ تاۋۋشنىڭ ئاخىرىنى بىر ئاز تەۋرىتىپ چۇشۇرۇشنى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، تەۋرەتكۈ تەلەپپۇزلۇق تاۋۋشلار سۆز ئارىسى ياكى ئايىغىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىپ يېپىق بوغۇم ياسىغاندا يەنى ساكىن ئوقۇلۇپ كەلگەندە، بۇ تاۋۇشلارنى يېرىم ئوچۇق بوغۇم قىلىپ، بىر ئاز تەۋرىتىپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل تەۋرىتىپ ئوقۇلىدىغان تاۋۇشلار بەش بولۇپ، ئۇلار «قُطْبُ جَدٍ» دېگەن سۆزگە جەملەشكەن.

**س: قەلقەلە قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

ج: ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، چوڭ قەلقەلە (قلقلة كُبْرَى) كىچىك قەلقەلە (قلقلة صُغْرَى) ئىبارەت.

چوڭ قەلقەلە بولسا، يۇقارقى بەش قەلقەلە ھەرپىنىڭ سۆز(كەلىمە)نىڭ ئاخىرىدا كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

كىچىك قەلقەلە بولسا، يۇقارقى بەش قەلقەلە ھەرپىنىڭ سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

| سۆز ئاخىرىدا كەلگەن ھالىتى | سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەن ھالىتى | ھەرپلەر |
|---|---|---|
| ﴿خَلَقَ ألانسَانَ مِنْ عَلَقٍ﴾ | ﴿وَخَلَقْنَاكُم أَزْوَاجًا﴾ | ق |
| ﴿وَأهْدِنآإلى سَوَآءِ ألصِّرَاطِ﴾ | ﴿حَتَّى مَطْلَعِ الْفَجْرِ﴾ | ط |
| ﴿سَيَصْلَى نَارًا ذَاتَ لَهَبٍ﴾ | ﴿فَألسَّابِقاتِ سَبْقاً﴾ | ب |
| ﴿وَألسَّمَاءِ ذَاتِ ألبُرُوجِ﴾ | ﴿أَلَمْ نَجْعَلْ لَهُ عَيْنَيْنِ﴾ | ج |
| ﴿وَمِنْشَرِّ حَاسِدٍ إذَا حَسَدَ﴾ | ﴿أَلَمْ نَشْرَحْ لَكَ صَدْرَكَ﴾ | د |

بۇ ھەرپلەر ئادەتتە سۆز ئوتتۇرىسىدا كەلگەندە

ئاجىزراق ئۇرغۇ بىلەن، سۆز ئاخىرىدا كېلىپ شۇ ھەرپتە توختىغاندا كۈچلۈك ئۇرغۇ بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ناۋادا قەلقەلە ھەرپى تەشدىدلىك بولۇپ سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلسە، ھەمدە بۇ توختاش نۇقتىسى بولسا، ئۇ چاغدا قەلقەلە ھەرپىنىڭ تەۋرىتىلىشى نىسبەتەن كۈچلۈك ۋە ئوچۇقراق بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿تبت يدا أبى لهب وَتَبَّ﴾.

قەلقەلە ھەرپىنىڭ ئوقۇلۇشى قەلقەلە ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ ھەرىكىتىگە مايىل بولىدۇ. يەنى زەبەر، زىر بولسا، زىر پەش بولسا پەش ئوقۇلىدۇ. كۆپۈنچە ھاللاردا زەبەرنىڭ تۈسىنى ئالىدۇ بولىدۇ.

(3) «اللين» سۆز مەنىسى يۇمشاق، ئاسان بولماق دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى ھەرپنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىلغا قىلچە ئېغىرلىق چۈشۈرمەي، ئىنتايىن يۇمشاق، سىلىق تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

يۇمشاق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر ئىككى بولۇپ، ئۇلار: ئۆزى ساكىن ئوقۇلۇپ، ئالدىدىكى ھەرپ زەبەر ئوقۇلغان (و) بىلەن (يا) دىن ئىبارەت. مەسىلەن: ﴿مِنْ خَوْفٍ﴾، ﴿وَلَانَوْمٌ﴾، ﴿وَألصَّيْفِ﴾.

(4) «الانحراف» سۆز مەنىسى بۇرۇلۇش، ئەگرى بولۇش، مايىل بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى، انحراف ھەرپلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىل ئۇچىنىڭ ئۈستىگە ئازراق ئېگىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ نداق ئەگمە تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر ئىككى بولۇپ، ئۇلار: (ل،ر) دىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(5) «التكرير» سۆز مەنىسى قايتىلاش، ياندۇرمىلاش، تەكرارلاش دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى ھەرپنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىل ئۇچىنىڭ تىترىتىلىپ، ئىچىگە ئېگىلىشى ـ قاتلىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ياندۇرما تەلەپپۇزلۇق ھەرپ پەقەت بىر بولۇپ، ئۇ: «ر» دۇر.

(6) «التفشى» سۆز مەنىسى چېچىلىش، كەڭرىش، يېيىلىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى ھەرپنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋانىڭ چىش بىلەن يۇقىرى تامغاق ـ قاتتىق تاڭلاي ئارىسىدىن تارقاق ـ چاچما ھالەتتە ئېغىزنى تولدۇرۇپ چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق چاچما تەلەپپۇزلۇق ھەرپ پەقەت بىر بولۇپ، ئۇ «ش» دۇر.

(7) «الاستطالة» سۆز مەنىسى ئۇزۇراش، سوزۇلۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى ھەرپنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئاۋازنىڭ تىلنىڭ ئۇچ يېنىدىن تارتىپ تىل تۈۋىگە قەدەر ئۇزارتىپ ـ سوزۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق سوزۇلما تەلەپپۇزلۇق ھەرپ بىر بولۇپ، ئۇ (ض) دىن ئىبارەت.

**س: بۇ سۈپەتلەر كۈچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق بويىچە قانچە تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ؟**

ج: ئۇلار كۈچلۈكلەر تۈركۈمى ۋە ئاجىزلار تۈركۈمىدىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. تۆۋەندە تىزىلغان 11 تۈر كۈچلۈكلەر تۈركۈمگە كىرسە، كېيىنكى 7 تۈر ئاجىزلار

تۈركۈمىگە كىرىدۇ:
جاراڭلىق تەلەپپۇز (الجهر)
كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇز (الإستعلاء)
ئىسقىرتىسمان تەلەپپۇز (الصفير)
ياندۇرما تەلەپپۇز (التكرير)
قاتتىق تەلەپپۇز (الشدة)
ئېغىر تەلەپپۇز (الإصمات)
قايرىما تەلەپپۇز (الانحراف)
سوزۇلما تەلەپپۇز (الإستطالة)
چاچما تەلەپپۇز (التفشي)
چاپلىما تەلەپپۇز (الإطباق)
تەۋرەڭگۈ تەلەپپۇز (القلقلة)
ئاجىز يەتتە تۈر تۆۋەندىكىچە:
راۋان تەلەپپۇز (الإذلاق)
ئوچۇق تەلەپپۇز (الإنفتاح)
چۈشۈرەڭگۈ تەلەپپۇز (الإستفال)
يۇمشاق تەلەپپۇز (الرخاوة)
ئارا تەلەپپۇز ئوقۇش(التوسط)
سىلىق تەلەپپۇز (اللين)
جاراڭسىز تەلەپپۇز (الهمس)
(بۇ يەردىكى كۈچلۈك، ئاجىزلىق ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشى جەريانىدا ھاۋا ئېقىمىغا بولغان بېسىم دەرىجىسى، ئۇرغۇ مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**س: بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەرپلەر بويىچە بۆلۈنىشى قانداق بولىدۇ؟**

ج: ئۇلارنىڭ ھەرپلەر بويىچە بۆلۈنىشى تۆۋەندىكى جەدۋەل بويىچە بولىدۇ:

| ھەرپ | تەلەپپۇز سۈپىتى | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ء | جاراڭلىق | قاتتىق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | |
| ا | جاراڭلىق | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | 1 |
| ب | جاراڭلىق | قاتتىق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | تەۋرەڭگۈ | | 2 |
| ت | جاراڭسىز | قاتتىق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | 3 |
| ث | جاراڭسىز | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | 4 |
| ج | جاراڭلىق | قاتتىق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | تەۋرەڭگۈ | | 5 |
| ح | جاراڭسىز | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | 6 |
| خ | جاراڭسىز | يۇمشاق | كۆتۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | 7 |
| د | جاراڭلىق | قاتتىق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | تەۋرەڭگۈ | | 8 |
| ذ | جاراڭلىق | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | 9 |
| ر | جاراڭلىق | ئارا | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | راۋان | قايرىما | ياندۇرما | 10 |
| ز | جاراڭلىق | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | ئىسقىرتىسمان | | 11 |
| س | جاراڭسىز | يۇمشاق | كۆتۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | ئىسقىرتىسمان | | 12 |
| ش | جاراڭسىز | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | چاچما | | 13 |
| ص | جاراڭسىز | يۇمشاق | كۆتۈرەڭگۈ | چاپلىما | ئېغىز | ئىسقىرتىسمان | | 14 |
| ض | جاراڭلىق | يۇمشاق | كۆتۈرەڭگۈ | چاپلىما | ئېغىز | سوزۇلما | | 15 |
| ط | جاراڭلىق | قاتتىق | كۆتۈرەڭگۈ | چاپلىما | ئېغىز | تەۋرەڭگۈ | | 16 |
| ظ | جاراڭلىق | يۇمشاق | كۆتۈرەڭگۈ | چاپلىما | ئېغىز | | | 17 |
| ع | جاراڭلىق | ئارا | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | 18 |
| غ | جاراڭلىق | يۇمشاق | كۆتۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | 19 |
| ف | جاراڭسىز | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | راۋان | | | 20 |
| ق | جاراڭلىق | قاتتىق | كۆتۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | تەۋرەڭگۈ | | 21 |
| ك | جاراڭسىز | قاتتىق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئېغىز | | | 22 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ل | جاراڭلىق | ئارا | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | راۋان | قايرىما | | 23 |
| م | جاراڭلىق | ئارا | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | راۋان | | | 24 |
| ن | جاراڭلىق | ئارا | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | راۋان | | | 25 |
| ھ | جاراڭسىز | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | راۋان | | | 26 |
| و | جاراڭلىق | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئىغىر | سىلىق | | 27 |
| ي | جاراڭلىق | يۇمشاق | چۈشۈرەڭگۈ | ئوچۇق | ئىغىر | سىلىق | | 28 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يوغان ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇز
(أَلتَّفْخِيْمُ وَالتَّرْقِيْقُ)

**س: ئەرەب تىلىدىكى ھەرپلەر ئوقۇلۇش دەرىجىسىگە قاراپ قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ؟**

ج: ئەرەب تىلىدىكى ھەرپلەر ئوقۇلۇش دەرىجىسىگە قاراپ يوغان تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر (حُرُوفُ الْإِسْتِعْلاء ياكى حروف التَّفْخِيْم) ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر(حروف الإِسْتِفَال ياكى حروف التَّرْقِيْق) دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلىنىدۇ.

**س: يوغان تەلەپپۇز (أَلتَّفْخِيْمُ) دېگەن نېمە؟**

ج: (أَلتَّفْخِيْمُ)نىڭ سۆز مەنىسى چوڭايتىش، كۆپتۈرۈش، سەمرىتىش دېگەنلىك بولۇپ ئاتالغۇلۇق مەنىسى، كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا تىلنى قاتتىق تاڭلاي تەرەپكە كۆتۈرۈپ، ئېغىزنى تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**س: قىلىن تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر قايسىلار؟ ئۇلارنى تەلەپپۇز قىلىش قائىدىسى قانداق بولىدۇ؟**

ج: يوغان تەلەپپۇز قىلىنىدىغان ھەرپلەر يەتتە

بولــۇپ، ئــۇلار: (خُـصَّ ضَـغْطٍ قَـظْ) دېــگەن كەلـىمــگە جەملەشــكەن. يــەنى (خ، ص، ض، غ، ط، ق، ظ) لاردۇر. بــۇلار تۆۋەنــدىكى بــەش خىــل ھالــەتنىڭ قايــسىبىرىدە كەلگەنلىكىــگە قــاراپ كۈچلــۈك يــاكى ئــاجىز دەرىجــدە يوغان تەلەپپۇز قىلىنىدۇ:

(1) بــۇ ھەرپلــەر ئــەلىفنىڭ ئالدىــدا زەبــەر ئوقۇلــۇپ كېلىپ، ئەلىف بىلەن بىر بوغۇم ھاسىل قىلغانــدا ئــەڭ يۇقىرى دەرىجىــدە قىلىــن ئوقۇلىــدۇ. مىــسال: ﴿ فَإِنْ أَرَادَا فِصَالاً ﴾

(2) بــۇ ھەرپلــەرنىڭ ئــۆزى زەبــەر ئوقۇلــۇپ ئارقىــدىن ئــەلىف كەلمىــگەندە يۇقارقىــدىن بىــر دەرىجــە تــۆۋەنرەك يوغان ئوقۇلىدۇ. مىسال:﴿فَاصْبِرْ صَبْرًا جَمِيلاً﴾

(3) بۇ ھەرپلەر پىچ ئوقۇلۇپ كەلگەندە يۇقارقىدىنمۇ يەنە بىــر دەرىجــە تــۆۋەن ھالــدا يوغــان تەلەپپۇز قىلىنىــدۇ. مىــسال: ﴿يَوْمَ يَقُولُ الْمُنَافِقُونَ﴾، ﴿آمَنُوا انْظُرُونَا ﴾، ﴿ فَضُرِبَ بَيْنَهُمْ ﴾

(4) بــۇ ھەرپلــەر سۇكۇنلۇق ئوقۇلغانــدا (يــەنى سۆز تەركىبىدە يېپىق بوغۇم ياساپ، ئۈستىگە« ° » بەلگىسى قويۇلۇپ كەلگەندە) يەنە بىــر دەرىجە تۆۋەنلىتىپ، پەشكە مايىل يوغان ئوقۇلىدۇ. مىــسال: ﴿فَأَمَّا الْيَتِيمَ فَلا تَقْهَرْ﴾

(5) بۇ ھەرپلەر زىر ئوقۇلغاندا ئەڭ تــۆۋەن دەرىجــدە يوغان ئوقۇلىدۇ. مىــسال: ﴿مِنْ قَوْمٍ خِيَانَةً﴾

يۇقىرىدىكىلــەرنى دەرىجــە بويىچــە تىزغانــدا ئــەڭ كۈچلۈكــى ئــەلىفلىك زەبــەر ئانــدىن كــيىن يەككــە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زەبەر(أَلْفَتْحَةُ). ئاندىن كېيىن پەش (أَلضَّمَّةُ). ئاندىن كېيىن زىر (أَلْكَسْرَةُ). ئاندىن كېيىن سۇكۇن بولىدۇ.

**س: ئىنچىكە تەلەپپۇز دېگەن (التَّرْقِيْق) دېگەن نېمە؟**

ج: (التَّرْقِيْقْ) سۆز مەنىسى كىچىكلىتىش، ئورۇقلىتىش، ئىنچىكىلەشتۈرۈش دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى ھەرپلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، يۇقارقى يوغان ئوقۇشنىڭ ئەكسىچە، تىلنى ئۇستۇنگە كۆتۈرمەي، ئېغىزنى بەك چوڭ ئېچىۋەتمەي، تۆۋەن ۋە ئىنچىكە تەلەپپۇزدا ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىلگىرىكى مەزمۇندا سۆزلەنگەن چۈشۈرەڭگۈ تەلەپپۇز (ألاِسْتِفَالُ)غا ئوخشايدۇ.

**س: ئىنچىكە ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر (حُرُوفُ الاِسْتِفَالِ ياكى حُرُوفُ التَّرْقِيْقِ) قانچە ۋە قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ تەلەپپۇز قائىدىسى قانداق بولىدۇ؟**

ج: يوغان ئوقۇلىدىغان يۇقارقى يەتتە ھەرپتىن باشقا 21 ھەرپنىڭ ھەممىسى ئىنچىكە ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر دۇر. ئەمما بۇلارنىڭ ئىچىدە «الله» سۆزىنىڭ «لام»ى ۋە «راء» تاۋۇشى، ئەلىف، غۇننە لەر ئادەتتە ئىنچىكە ئوقۇلغاندىن باشقا تۆۋەندىكى بىرقاتار ھالەتلەردە يوغان ئوقۇلۇدۇ.

**س: «الله» سۆزىنىڭ لامى قانداق چاغدا يوغان ياكى كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؟**

ج: «الله» سۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەرلىك ياكى پەشلىك بولغاندا «الله» سۆزىنىڭ «لام»ى يوغان ۋە كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مىسال: ﴿وَعَدَ اللَّهُ﴾، ﴿عَبْدُ اللَّهِ﴾

ئەگەر «الله» سۆزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىرلىك بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا ئىنچىكە ئوقۇلۇدۇ. مىسال: ﴿الحمد لله﴾، ﴿بايات الله﴾، ﴿بِسْمِ اللَّهِ﴾ .

**س: «راء» تاۋۇشى قانداق چاغدا يوغان ئوقۇلىدۇ؟**

ج: «راء» تاۋۇشى تۆۋەندىكى 6 خىل ئورۇندا يوغان ئوقۇلىدۇ:

1. «ر» زەبەرلىك (تەشدىدلىك «ر» مۇ زەبەرلىك «ر» نىڭ ئىچىدە) ياكى پەشلىك بولسا، مىسال: ﴿يُؤْمَرُون﴾، ﴿يُبَشِّرُهُمْ﴾، ﴿رُزِقْنَا﴾

2. «ر» تاۋۇشى ساكىن ئوقۇلۇپ، ئالدىدىكى ھەرپ پەش ياكى زەبەر ئوقۇلغاندا. «ر» تاۋۇشى مەيلى سۆزنىڭ بېشىدا ياكى ئايىغىدا كېلىشتىن قەتئىينەزەر يوغان ئوقۇلىدۇ. مىسال: ﴿يُرْجَعُونَ﴾، ﴿فَصَلِّ لِرَبِّكَ وَانْحَرْ﴾، ﴿مِنْ قَرْيَةٍ﴾

3. «ر» تاۋۇشى ۋەقف- توختاش ئورنىدا كېلىپ

ساكىنلىك ئوقۇلغان، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپمۇ ھەم ساكىنلىق ئوقۇلغان ۋە بۇ ساكىنلىق ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ پەش ياكى زەبەرلىك ئوقۇلغان بولسا، مەسىلەن: ﴿وَالْعَصْرِ﴾، ﴿وَالشُّكْرِ﴾

4. «ر» تاۋۇشى «هَمْزَةُ الْوَصْلِيَّة» ـ ئۇلاق ھەمزىدىن كېيىن كەلگەندە، (بۇ ھەمزە مۇستەقىل ياكى ئۇلانما ھالەتتە ئوقۇلۇشى، ھەمزىنىڭ ئالدىدىكى ھەرپىنىڭ قايسى خىل ھالەتتە ئوقۇلىشىدىن قەتئىينەزەر) ئوخشاشلا يوغان ئوقۇلىدۇ. مىساللار: ﴿ارْجِعْ إِلَيْهِمْ﴾، ﴿ارْكُضْ بِرِجْلِكَ﴾، ﴿وَقَالَ ارْكَبُوا فِيهَا﴾، ﴿لِمَنْ ارْتَضَى﴾

5. «ر» تاۋۇشى ساكىن ئوقۇلغان، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زىر ئوقۇلغان، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇچىنچى ھەرپ «ر» تاۋۇشى كەلگەن سۆز ئىچىدىكى زەبەرلىك «تَفْخِيْمْ» ھەرپى بولغاندا. مەسىلەن: ﴿فِي قِرْطَاسٍ﴾، ﴿كَانَتْ مِرْصَادًا﴾

6. «ر» تاۋۇشى ۋەقف قىلىش تۈپەيلى ساكىن ئوقۇلۇپ كەلگەندە يوغان ئوقۇلىدۇ. لېكىن شەرتى شۇكى «ر» نىڭ ئالدىدىكى ھەرپ زەبەر ياكى پەشلىك ئوقۇلغان بولۇشى كېرەك. مىسال: ﴿اقْتَرَبَتِ السَّاعَةُ وَانشَقَّ الْقَمَرُ﴾، ﴿وَيُوَلُّونَ الدُّبُرَ﴾

**س: «ر» تاۋۇشى قانداق جايدا ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ؟**

ج: تۆۋەندىكى تۆت ئورۇندا ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ:

1. «ر» زىر ئوقۇلغان بولسا، مىسال: ﴿لَيْلَةُ الْقَدْرِخَيْرٌ﴾، ﴿القارِعَةُ﴾، ﴿وَطُورِ سِينِيْن﴾

2. «ر» ساكىن ئوقۇلۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەسلىدىن زىر ئوقۇلىدىغان(﴿إرجِعو﴾نىڭ ھەمزىسىنىڭ زىرىغا ئوخشاش ئۆتكۈنچى زىر ئەمەس دېمەكچى) بىر ھەرپ بولۇپ، «ر» دىن كېيىن «تفخيم» ھەرپى بولمىسا. مىسال: ﴿إغْفِرْ لَنا﴾، ﴿فِرْعونَ﴾، ﴿مِرْيةٍ﴾، ﴿شِرْعَةً﴾، ﴿رَبِّ اغْفِرْلِى﴾.

3. «ر» ساكىنلىك ئوقۇلغان، «ر»دىن كېيىن «استعلاء» ھەرپى كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئىككىنچى بىر سۆزنىڭ ھەرپى بولۇپ كەلگەندە. مىسال: ﴿أنْذِرْ قَوْمَكَ﴾، ﴿فاصْبِرْ صَبْرًا﴾ .

4. «ر» نىڭ ئالدىدا ساكىنلىق يا ھەرپى كەلگەن، «ر» بولسا، توختاپ ئوقۇش تۈپەيلى ساكىنلىق ئوقۇلغاندا. مىسال: ﴿لاَّ خَيْرَ فِي كَثِيرٍ - لاَّ خَيْرْ﴾، ﴿قَالُوا لَا ضَيْرَ- لَا ضَيْرْ﴾، ﴿لَصَوْتُ الْحَمِيرِ- الْحَمِيرْ﴾، ﴿وَتَفَقَّدَ الطَّيْرَ - الطَّيْرْ﴾، ﴿وَاللّهُ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ- قَدِيْرْ﴾

5. «ر» ۋەقىف قىلىش تۈپەيلى ساكىنلىق بولغان، ئالدىنقى ھەرپمۇ ساكىنلىق بولغان چاغدا، ئۇنىڭمۇ ئالدىدىكى ھەرپكە قارايمىز، ئەگەر ئۇنىڭدا زەبەر ياكى پەش بولسا «ر» يوغان ئوقۇلىدۇ: ﴿لَيْلَةُ الْقَدْرِ﴾، ﴿وَلاَ يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ﴾، دېگەندەك. ئەگەر ئۇنىڭدا

زىر بولسا، ئەنە شۇچاغدا ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مىسال: ﴿لِذِي حِجْرٍ﴾، ﴿مَا جِئْتُمْ بِهِ السِّحْرُ﴾

6. قۇرئان كەرىمدە «ر» نىڭ زەبەرىنى زىرغا ياكى مەۋھۇم ياغا بويسۇندۇرۇپ ئوقۇش (ئىمالە قىلىش) سەۋەبلىك «ر» ئىنچىكە ئوقۇلىدىغان بىرلا جاي بار. ئۇ بولسىمۇ: ﴿وَقَالَ ارْكَبُواْ فِيهَا بِسْمِ اللّهِ مَجْرَاهَا﴾ (ھۇد سۈرىسىنىڭ 41- ئايىتىدە) دېگەن ئايەتتىكى ﴿مَجْرَاهَا﴾ دۇر. مانا مۇشۇ بىر جايدىلا «ر» نىڭ ئەلىفىنى ئىمالە قىلىپ (ئەلىفنى ياغا مايىللاشتۇرۇپ)، ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ.

تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال ئاستىدا «ر» نى يوغان ئوقۇشقىمۇ، ئىنچىكە ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ:

1. «ر» ساكىن ئوقۇلغان، ئۇنىڭ ئالدىنقى ھەرپ ئەسلىدىن زىر ئوقۇلۇپ كەلگەن بىرھەرپ بولغان، «ر» دىن كېيىن بولسا زىر ئوقۇلغان كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق بىرەر ھەرپ كەلگەن بولسا. مىسال: ﴿كُلُّ فِرْقٍ﴾

2. «ر» ساكىنلىك ئوقۇلۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ساكىنلىك «استعلاء» ھەرپى كەلگەن بولسا، بۇ ھەرپىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر «استعلاء» ھەرپى كەلگەن بولسا. مىسال ﴿عَيْنَ الْقِطْرِ﴾، ﴿مِصرَ﴾، لېكىن بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئالدىنقىسىدا زىرلىك كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنچىكە ئوقۇش مۇۋاپىقراق، كېيىنكىسىدە بولسا «ر» زەبەرلىك كەلگەنلىكى ئۈچۈن، «ر» نىڭ ھەرەكىسىنى كۆزدە تۇتۇپ

قىلىن ئوقۇغان مۇۋاپىق. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئايىتى (فَكَيْفَ كَانَ عَذَابِي وَنُذُرِ) (قەمەر سۈرىسىنىڭ 30 ـ ئايىتىدە) دە كەلگەن ﴿نُذُرِ﴾ سۆزىدىكى «ر» مۇ ۋەقف قىلىنغاندا ئىككى ھالەتنىڭ قايسىسى بويىچە ئوقۇلسا بولىۋېرىدۇ. شۇنداقتىمۇ «ر» دىكى ئەسلى ھەرىكە زىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئىنچىكە ئوقۇغان مۇۋاپىقراق. ئىشقىلىپ نىمىلا بولمىسۇن، ئەگەر «ر» تاۋۇشى زەبەر ياكى پەشلىك ئوقۇلغان بولسا، ئۇنى قېلىن ئوقۇش، ئەگەر زىرلىك بولۇپ قالسا ئىنچىكە ئوقۇشتا گەپ يوق.

**س: «الف» قانداق چاغدا يوغان ئوقۇلىدۇ؟**

ج: «الف» يوغان تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەردىن كېيىن كەلسە، ھەمدە «الله» سۆزىنىڭ ئالدى زەبەرلىك لامدىن كېيىن كەلسە، زەبەر ئوقۇلغان «راء» دىن كېيىن كەلسە يوغان ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ الظَّآنِّين ، قَالَ اللهُ ، يُرِيدُ اللّهُ ، وَلَو تَرَى﴾

ئۇندىن باشقا جايلاردا ئىنچىكە ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿ذَلِكَ الكِتَب لا رَيبَ فِيه﴾

**س: غۇننە قانداق چاغدا يوغان تەلەپپۇز قىلىنىدۇ؟**

ج: كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەر ئىچىدىن (الصاد، الضاد، الطاء، الظاء، القاف) قاتارلىق ئىخفا شەكىللەندۈرىدىغان 5 ھەرپ تەنۋىن ياكى ساكىنلىق نوندىن كېيىن كېلىپ ئىخفا شەكىللەندۈرگەندە، بۇ ئىخفادىكى غۇننە يوغان تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

﴿يُنصَرُون، مِن صِيام، وَنَخِيلُ صِنوان، مِن ضَعف، مَنضُود، مُسفِرَة ضَاحِكَة، يَنطِقُون، مِن طِين، مُبَارَكَة طَيِّبَة، يَنظُرُون، مَن ظَلَم، ظِلا ظَلِيلا، أن قَالُوا، يَنقَلِبون، شَيءِ قبُلا﴾. ئۇندىن باشقا جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنچىكە تەلەپپۇز قىلىنىدۇ: مەسىلەن: ﴿الإنسَن، كُنتُم، مِن شَيء، أنفَقتُم ﴾.

**س: ئىنچىكە ئوقۇلىدىغان ھەرپلەر(حُرُوفُ الْإِسْتِفَالِ) نىڭ ھۆكمى نېمە؟**

ج: (ل)، (ر)، (ا) ھەرپلىرى ۋە غۇننە قاتارلىقلارنى قايسى خىل ھالەتتە كېلىشىگە قاراپ، يوغانتىپ ۋە كىچىكلىتىپ ئوقۇش. باشقىلىرىنى مۇناسىپ رەۋىشتە ئىنچىكە ئوقۇشتۇر.

# ساكىنلىق نون ۋە تەنۋىنىنىڭ ھۆكۈملىرى
## (أَحْكامُ النُّونِ السّاكِنَةِ وَالتَّنْوِيْنِ)

**س: ساكىنلىق نون (النُّونُ السّاكِنَةُ) دېگەن نېمە؟**

ج: ئۆزى ھەرىكەتسىز(ساكىنلىق) كەلگەن، يېزىمدىمۇ بار، ئوقۇمدىمۇ بار، شۇنداقلا ئۇلاپ ئوقۇش ۋە توختاپ ئوقۇشنىڭ ھەرقاندىقىدا ساقلىنىدىغان نون تاۋۇشىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:﴿إِنْ، مِنْ، عَنْ، كُنْتُمْ، أَنْتُمْ﴾

**س: تەنۋىن (التَّنْوِيْنُ) دېگەن نېمە؟**

ج: تەنۋىن بولسا، ئادەتتە ئىسىم سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان، ئوقۇمدا بار، يېزىمدايوق، شۇنداقلا ئۇلاپ ئوقۇغاندا بار، توختاپ ئوقۇغاندا يوق نوندىن ئىبارەت. بۇ ئادەتتە قوش زەبەر، قوش پەش، قوش زىر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇلارنى ئوقۇغاندا، تىنىق ئالماي، ئۇلاپ ئوقۇماقچى بولساق، ئەينەن تەلەپپۇز قىلىپ، ئەگەر بۇلاردا تىنىق ئالماقچى بولساق، قوش زەبەرلىك ھالەتتە قوش زەبەرنى ساكىنلىق ئەلىف قىلىپ، ئىككى ھەرىكەت مىقداردا سوزۇپ، قوش زىر، قوش پەشلىك ھالەتتە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى مۇتلەق ساكىن قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: عَلِيْماً نى عَلِيْماَ قىلىپ، عذابٌ أليمٌ نى أَلِيْمْ قىلىپ ئوقۇغاندەك.

**س:** تەنۋىن قانداق ۋاقىتتا بىلىنىدۇ؟

ج: تەنۋىن- تەنۋىنلىك كەلىمىنى ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن سۆزگە ئۇلاپ ئوقۇغاندا بىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿عَلِيْماً حَكِيْماً﴾، ﴿عليمٌ شَكُوْرٌ﴾، ﴿في جنةٍ عاليةٍ﴾.

**س: ساكىنلىق نون ۋە تەنۋىن ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن 28 ئەلىفبا تاۋۇشلىرىنىڭ كېلىش نۆۋىتى بويىچە قانداق ھالەتتە ئوقۇلىدۇ؟**

ج: تۆۋەندىكى تۆت ھالەتتە ئوقۇلىدۇ. ئۇلار:

(1) ئاشكارا ئوقۇش (إظْهار)

(2) كىرىشتۇرۇپ ئوقۇش (إدْغام)

(3) ئۆزگەرتىپ ئوقۇش (إقْلاب)

(4) يوشۇرۇپ ئوقۇش(إخْفاء)

# ئاشكارا ئوقۇش (أَلْاِظْهارُ)

**س: ئاشكارا ئوقۇش دېگەن نېمە؟**

ج: (أَلْاِظْهارُ) نىڭ سۆز مەنىسى ئاشكارىلاش، ئوچۇقلاش دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى ساكىنلىك نۇن ياكى تەنۋىندىن كېيىن اظهار تاۋۇشلىرىنىڭ بىرەرسى كەلسە، شۇ ساكىنلىك نۇن ياكى تەنۋىننى يەككە هالدىكى تەلەپپۇزى بويىچە، ئۆزگەرتىشسىز هالدا يەنى اخفاء ياكى ادغام ۋە ياكى غُنَّة (دىماق تاۋۇشى) قىلماستىن ئوچۇق ۋە تولۇق تەلەپپۇزدا ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**س:** اظهار **هەرپلىرى** (حُرُوفُ الْاِظْهارِ ياكى حُرُوفُ الْحَلْقِ) بىلەن ساكىنلىق نۇن ۋە تەنۋىننىڭ ئورنى قانداق بولىدۇ؟

ج: ئىزهار هەرپلىرى بىلەن ساكىنلىق نۇن بىر كەلىمىدە، بەزىدە ئىككى كەلىمە كېلىشى مۇمكىن. لېكىن تەنۋىن بىلەن بىر كەلىمىدە بىللە كەلمەيدۇ. چۈنكى تەنۋىن دېگەن ئىسىمنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. بۇ هەرپلەرنىڭ بولسا تەنۋىننىڭ ئاخىرىدىلا كېلىشى كۆپرەك. شۇڭا تەنۋىن بىلەن ئىزهار هەرپلىرى بىر كەلىمىدە جۈغلاشمايدۇ.

**س:** اظهار **تاۋۇشلىرى دېگەن نېمە؟**

ج: ئۇلار تۆۋەندىكى ئالتە بوغۇز تاۋۇشى(حُرُوفُ

الْحَلْقِ)نى كۆرسىتىدۇ:

ئۇلار: «ا، ھ، ع، ح، غ، خ» لاردۇر. تۆۋەندىكى جۈملىدە بۇ تاۋۇشلار ھەر بىر سۆزنىڭ باش تاۋۇشى قىلىنىپ مۇنداق ئىپادىلەنگەن: ( أَخِي هاكَ عِلْماً حازَه غَيْرُ خاسرٍ ).

ساكىنلىق نۇننىڭ ھەرقايسى بوغۇز تاۋۇشلىرى بىلەن ئۇچرىشىشىدىن ئۆرنەكلەر:

| | |
|---|---|
| «ء ـ همزة» بىلەن ئۇچرىشىشى | ﴿مَنْ أنْبَأكَ هَذا﴾ |
| «هـ ـ هاء» بىلەن ئۇچرىشىشى | ﴿إنْ هُوَ إلاّ وحيٌ يُوحَى﴾ |
| «ع ـ عين» بىلەن ئۇچرىشىشى | ﴿خَلق الإنسَانَ مِن عَلق﴾ |
| «ح ـ حاء» بىلەن ئۇچرىشىشى | ﴿وَيَرْزقه مِن حَيْثُ لا يحتَسب﴾ |
| غ ـ غين» بىلەن «ئۇچرىشىشى | ﴿غَائِبَةٍ وَما مِنْ﴾ |
| «خ ـ خاء» بىلەن ئۇچرىشىشى | ﴿وَآمَنَهُمْ مِنْ خَوْفٍ﴾ |

بوغۇز تاۋۇشلىرىنىڭ تەنۋىنگە ئۇچراشقاندا ئىزھار قىلىپ ئوقۇلىشىدىن ئۆرنەكلەر:

| | |
|---|---|
| « ء – همزة »گە ئۇچرىشىشى | ﴿وَأرسَلَ عَلَيْهم طَيْراً أبابِيلَ﴾ |
| « هـ – هاء »غا ئۇچرىشىشى | ﴿وَلِكُلِّ قومٍ هَاد﴾ |
| « ع – عين »گە ئۇچرىشىشى | ﴿ثم لتسألنَّ يَوْمَئذٍ عَنِ النعِيم﴾ |
| « ح – حاء »غا ئۇچرىشىشى | ﴿وَأقْرضوا اللّهَ قَرضاً حَسَناً﴾ |
| « غ – غين »گە، ئۇچرىشىشى | ﴿مَاءً غَدَقاً﴾ |
| « خ – خاء »غا ئۇچرىشىشى | ﴿كاذِبَة خَاطِئَةٍ﴾ |

بۇ خىل اظهار اِظْهَارٌحَلْقِيٌّ(بوغۇز تاۋۇشلىق اظهار) دەپ ئاتىلىدۇ.

س: اظهار **قانچە قىسىم بولىدۇ؟**

ج: بوغۇز تاۋۇشلىق اظهار ۋە لەۋلەشمە اظهار(اِظْهارٌ شَفَوِيٌّ) دەپ ئىككى قىسىم بولىدۇ. بۇلاردىن ئالدىنقىسىنى بىز تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق.

س: **لەۋلەشمە** اظهار **دېگەن نېمە؟**

ج: ساكىنلىق مىم(الْمِيْمُ السَّاكِنَةُ)دىن كېيىن م- مىم ۋە ب- با دىن باشقا ھەرپلەر كەلسە، بۇ چاغدا بۇ ساكىنلىق مىمنى ادغام قىلماستىن، غنە قىلماستىن ئېنىق ئوقۇش لەۋلەشمە اظهار، دەپ ئاتىلىدۇ.

لەۋلەشمە اظهار ساكىنلىق مىمغىلا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ۋاۋ (و) ۋە (ف) ھەرپلىرىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَهُمْ فِي رَحْمَةِ اللهِ﴾، ﴿غَيْرِ الْمَغْضوبِ عَلَيْهِمْ وَلا الضَّالِّيْنَ﴾

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## كىرىشمە قىلىپ ئوقۇش (إِدْغامٌ)

**س: كىرىشمە قىلىپ ئوقۇش دېگەن نېمە؟**

ج: ادغام نىڭ سۆز مەنىسى قوشۇش، بىر ئەرسىنى يەنە بىر ئەرسىگە كىرگۈزۈۋېتىش دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى بىر ساكىنلىق ھەرپنى ئىككىنچى بىر ھەرىكەتلىك ھەرپكە كىرىشتۈرۈپ، بىر تاۋۇش قىلىپ ئوقۇش كىرىشتۈرمە ئوقۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

**س: ئىدغام ھەرپلىرى قانچە؟**

ج: ئۇلار«يَرْمُلُونَ » سۆزىگە جەملەشكەن ئالتە تاۋۇشتىن ئىبارەت. يەنى:ع، ر، م، ل، و، ن

**س: ساكىنلىك نون ۋە تەنۋىن قانداق ۋاقىتتا كىرشتۈرمە قىلىپ ئوقۇلىدۇ؟ مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈڭ:**

ج: « يَرْمُلُونَ » سۆزىدىكى ئالتە ھەرپنىڭ بىردە بىرى ساكىنلىق نون ياكى تەنۋىندىن كېيىن كېلىپ قالسا ، شۇ ساكىنلىق نون ياكى تەنۋىننى بۇ ھەرپلەرگە ئىدغام يەنى كىرىشتۈرۈپ (ئۆرۈشتۈرۈپ) ئوقۇلىدۇ.

**س: ئىدغام قانچە خىل بولىدۇ؟**

ج: غۇنىلىك ئىدغام ۋە غۇنىسىز ئىدغامدىن

ئىبارەت ئىككى خىلدۇر.

## غۇننىلىك ئىدغام (إدْغَامٌ بِغُنَّةٍ)

**س: غۇننىلىك ئىدغام قانداق بولىدۇ؟**

ج: ساكىنلىك نۇن ياكى تەنۋىندىن كېيىن ئىدغامنىڭ تۆپ ئالتە تاۋۇشى بولغان «يَرْمُلُونَ» سۆزى ئىچىدىكى تۆت تاۋۇشنى تەشكىل قىلغان«يَنْمُو» تاۋۇشلىرىنىڭ بىرى سوقۇشۇپ كەلسە، بۇ چاغدا غۇننەلىك ئىدغام شەكىللىنىدۇ.

مىساللار:

| «ينمو» تاۋۇشلىرى | ساكىنلىق «نون»دىن كېيىن كەلگەننىڭ مىسالى يېزىلىش ھالىتى/ ئوقۇلۇش ھالىتى | تەنۋىندىن كېيىن كەلگەننىڭ مىسالى يېزىلىش ھالىتى/ ئوقۇلۇش ھالىتى |
|---|---|---|
| ي (الياء) | فَمَنْ يَعْمَل/ فَمَيَّعْمَل | وجوه يومئذ / وجوهُيَّومئذ |
| ن (نون) | مِنْ نَفْسٍ وَاحِدَة / مِنَّفْسٍ وَاحِدَة | عَامِلَةٌ ناصِبَة/ عَامِلَتُنَّاصِبَة |
| م (ميم) | مِنْ مَاءٍ مَهِين/ مِمَّائِمَّهِين | رَسُولٌ مِنَ الله / رَسُولُمِّنَ الله |
| و (واو) | فَمَالَهُ مِنْ وَال/ فَمَالَهُ مِوَّال | وشَاهِدٍ وَمَشْهُودُ/ وشَاهِدِ وَّمَشْهُودُ |

**ئەسكەرتمە:**

ئىدغام ئادەتتە ئايرىم ئىككى سۆز ئارىلىقىدا بولىدۇ. ناۋادا ئىدغام ھەرپلىرى ساكىنلىق نون بىلەن بىر سۆزدە كېلىپ قالسا، اظهار قىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ شەرتسىز ئىزھار «إِظْهارٌمُطْلَقٌ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنداق اظهار قۇرئان كەرىمدىكى ﴿الدُّنْيَا﴾، ﴿بُنْيَانٌ﴾، ﴿صِنْوَانٌ﴾، ﴿قِنْوَانٌ﴾ دېگەن

تۆت سۆزدىلا مەۋجۇتتۇر. شۇڭا ساكىنلىق نون ۋە ياكى تەنۋىن بىر سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن، ئۇندىن كېيىن ئىدغام ھەرپى ئىككىنچى سۆزنىڭ بېشىدا كەلگەن چاغدىلا ئىدغام مۇھىتى ھازىرلىنىدۇ. يەنە يۇقارقىغا ئوخشاشلا ﴿يس﴾، ﴿ن﴾ سۈرىسىدىكى «ياسىن»، «نون» لەردىكى نون ھەرگىزمۇ «و»غا ئىدغام قىلىنماي، اظهار قىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ گەرچە تەجۋىد قائىدىسىگە خىلاپ بولسىمۇ ئىمام ھەپسىنىڭ رىۋايىتىدە اظهار پەدىسىدە ئوقۇلغان. بۇ جەھەتتە ئىمام ھەپسگە ئەگىشىش سُنَّةٌ مُتَّبَعَة ـ مەجبۇرىيەتلىك يوسۇن دەپ ئاتىلىپ، سەۋەبى سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ. يەنە بىر پەرقلىق ئەھۋال شۇكى، شۇئەرا سۈرىسىنىڭ باشلامى بولغان«طسم» دىكى سىن نىڭ نونىنى يۇقارقىغا ئوخشىمىغان ھالدا مىمغا ئىدغام قىلىپ ئوقۇيمىز. ئەمما باشقا سۆزلەرنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۇزۇك ھەرپلەر گىزى كەلگەندە ئىلگىرى بايان قىلغان قائىدە بويىچە كىرىشتۈرۈپ ئوقۇلىۋېرىدۇ.

### س: غُنَّة (دىماق تاۋۇشى) دېگەن نېمە؟

ج: ساكىنلىق نون، تەنۋىن ۋە ساكىنلىق مىملارنى بەلگىلىك شارائىتتا تىلنى قاتناشتۇرماي بۇرۇننى ئىشقا سېلىپ، دىماقتىن چىقىرىپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا تىلنىڭ رولى بولمايدۇ. ئۇ ئىككى ھەرپ مىقدارىدا سوزىلىدۇ. بۇنى ياخشى ئىگىلەش ئۇچۇن ياخشى ماھىر بىر يېتەكچىنىڭ ئاغزىدىن ئەمەلىي ئاڭلاش كېرەك.

## غۇننىسىز ئىدغام (ادْغامٌ بِلاَغُنَّةٍ)

**س: غۇننىسىز ئىدغام دېگەن نىمە؟**

ج: ساكىنلىق نۇن ۋە تەنۋىنىدىن كېيىن « لـر » يەنى « لام » ياكى «را» دىن ئىبارەت ئىككى تاۋۇشتىن بىرى كەلگەندە غۇننىسىز ئىدغام شەكىللىنىدۇ.

| تەنۋىن بىلەن كەلگەننىڭ مىسالى | نۇن بىلەن كەلگەننىڭ مىسالى | تاۋۇشلار |
|---|---|---|
| ﴿عيشَةٍ رَاضِيَة- عيشَةِ رَّاضِيَة﴾ | ﴿مِنْ رَبِّهِمْ- مِنْ رَّبِّهِمْ﴾ | ر (الراء) |
| ﴿ تَوَّابًا رَحِيمًا- توابا رَّحيما ﴾ | ﴿مِنْ لَبَنٍ- مِنْ لَّبَنٍ﴾ | ل (اللام) |

يۇقىرىدىكىلەر ئىدغامنىڭ مەخسۇس ساكىنلىق نۇن ۋە تەنۋىنگە خاس قىسمىدۇر.

## ساكىنلىق مىمنىڭ ھۆكۈملىرى
## (أحْكامُ الْمِيْمِ السَّاكِنَةِ)

**س: ساكىنلىق مىم قانداق ئوقۇلىدۇ؟**

ج: ساكىنلىق مىم تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

1) ساكىنلىق «م»دىن كېيىن يەنە «م» كەلسە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق «م» نى كېيىنكى «م»غا ئۇرۇشتۇرۇپ ـ ئىدغام قىلىپ، غُنَّة بىلەن ئوقۇلىدۇ(غۇننە ئىككى ھەرىكەت مىقدارى بولىدۇ). بۇ خىل ئىدغام «إِدْغَامُ مِثْلَيْنِ صَغِيْر» تۇراشلىق كىچىك ئىدغام ياكى «إِدْغَامُ الشفوي» لەۋلەشمە ئىدغام، دەپ ئاتىلىدۇ. مىسال:

﴿إِلَيْكُمْ مُرْسَلُونَ﴾، ﴿لَكُمْ مَّا كَسَبْتُمْ﴾، ﴿وَاللهُ يَعِدُكُمْ مَّغْفِرَةً﴾.

بۇ خىل ئىدغام پەقەت مىمغىلا خاس بولماستىن بەلكى مەخرەج ۋە سىفەتتە ئوخشاش بولغان ئىككى ھەرپ بىرىنجىسى ساكىنلىق ۋە ئىككىنچىسى ھەرىكەتلىك ھالدا ئۆزئارا سوقۇشۇپ كەلگەن چاغدا ئىدغام مۇھىتى شەكىللەنگەچكە، ئىدغام قىلىپ ئوقۇلىدۇ، ئەمما باشقىلىرىدا غۇننە ۋە لەۋلىشىش بولمايدۇ. مەسىلەن: ﴿اِضْرِب بِّعَصَاكَ الْحَجَرَ﴾، ﴿وَقَد دَّخَلُوا﴾، ﴿كَانَت تَّأْتِيْهِم﴾.

ناۋادا يۇقارقىنىڭ ئەكسىچە ، بۇنداق كەلگەن ئىككى ھەرپنىڭ ئىككىلىسى ھەرەكەلىك بولسا ۋە بىر بىرىگە ئىدغام قىلىنسا، بۇ، ئىككى تۇراش ھەرپلىك چوڭ ئىدغام «ادغام مِثْلَيْنِ كَبِيْرٌ»- دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿الرَّحِيْم ۝ مَّالِكِ﴾، ﴿وَلِتُصْنَعَ عَّلى عَيْنِى﴾.

2) ساكىنلىق مىمدىن كېيىن «ب» ھەرپى كەلسە بۇ خىل مىم لەۋلەشمە ئىخفا قىلىپ، غۇننە بىلەن ئوقۇلىدۇ. مىسال: ﴿وَمَنْ يَعْتَصِمْ بِاللّهِ﴾، ﴿أَنْتُمْ بِهِ مُؤْمِنُونَ﴾.

3) ساكىنلىق مىمدىن كېيىن«م» ۋە «ب» تاۋۇشلىرىدىن باشقا ئەلىفبا تاۋۇشلىرىنىڭ بىرەرسىگە يولۇقسا، ئۇچاغدا مىم ئىزھار قىلىنىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ لەۋلەشمە ئىزھار- اظهار شفوي دەپ ئاتىلىدۇ.

ئومومىي مىسال:

| ھەرپلەر | بىر سۆزدە كەلگەننىڭ مىسالى | ئىككى سۆزدە كەلگەننىڭ مىسالى |
|---|---|---|
| ء | ﴿يَحْسَبُهُ الظَّمْآنُ﴾ | ﴿أَمْ آتَيْنَاهُمْ كِتَابًا﴾ |
| ت | ﴿عِوَجًا وَلا أَمْتًا﴾ | ﴿أَمْ تَأْمُرُهُمْ أَحْلامُهُمْ﴾ |
| ث | ﴿وَلِلْكَافِرِينَ أَمْثَالُهَا﴾ | ﴿فَأَحْيَاكُمْ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ﴾ |
| ج | ﴿أَمْ جَعَلُوا لِلَّهِ شُرَكَاءَ﴾ | |
| ح | ﴿يَمْحَقُ اللَّهُ الرِّبَا﴾ | ﴿أَمْحَسِبْتُمْ﴾ |
| خ | ﴿أَمْ خُلِقُوا مِنْ غَيْرِ شَيْءٍ﴾ | |
| د | ﴿وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ﴾ | ﴿عَلَيْهِمْ دَائِرَةُ السَّوْءِ﴾ |
| ذ | ﴿وَاتَّبَعَتْهُمْ ذُرِّيَّتُهُمْ﴾ | |
| ر | ﴿وَكَانَ أَمْرًا مَقْضِيًّا﴾ | ﴿لَقَدْ جَاءَكُمْ رَسُولٌ﴾ |
| ز | ﴿إِلا رَمْزًا﴾ | ﴿أَمْ زَاغَتْ عَنْهُمُ الأَبْصَارُ﴾ |
| س | ﴿فَلا تَسْمَعُ إِلا هَمْسًا﴾ | ﴿أَمْ لَهُمْ سُلَّمٌ﴾ |
| ش | ﴿نُورًا يَمْشِي بِهِ فِي النَّاسِ﴾ | ﴿لَهُمْ شَرَابٌ مِنْ حَمِيمٍ﴾ |
| ص | ﴿وَهُمْ صَاغِرُونَ﴾ | |
| ض | ﴿وَامْضُوا حَيْثُ تُؤْمَرُونَ﴾ | ﴿إِنَّهُمْ أَلْفَوْا آبَاءَهُمْ ضَالِّينَ﴾ |
| ط | ﴿وَأَمْطَرْنَا عَلَيْهِمْ مَطَرًا﴾ | ﴿وَأَرْسَلَ عَلَيْهِمْ طَيْرًا أَبَابِيلَ﴾ |
| ظ | ﴿وَهُمْ ظَالِمُونَ﴾ | |
| ع | ﴿فَقَطَّعَ أَمْعَاءَهُمْ﴾ | ﴿وَالَّذِينَهُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُونَ﴾ |
| غ | ﴿فَإِنَّهُمْ غَيْرُ مَلُومِينَ﴾ | |
| ف | ﴿إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلادُكُمْ فِتْنَةٌ﴾ | |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| ق | ﴿ أَوْ هُمْ قَائِلُونَ ﴾ | |
| ك | ﴿وَلَا تَكُنْ فِي ضَيْقٍ مِمَّايَمْكُرُونَ﴾ | ﴿لَقَدْ أَنزَلْنَا إِلَيْكُمْ كِتَابًافِيهِ ذِكْرُكُمْ﴾ |
| ل | ﴿فَلْيُمْلِلْ وَلِيُّهُ بِالْعَدْلِ﴾ | ﴿أَمْ لَكُمْ كِتَابٌ فِيهِ تَدْرُسُونَ﴾ |
| ن | ﴿ مِنْ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا﴾ | ﴿أَأَنْتُمْ تَخْلُقُونَهُ أَمْ نَحْنُ الْخَالِقُونَ﴾ |
| ه | ﴿ فَلِأَنفُسِهِمْ يَمْهَدُونَ ﴾ | ﴿بُرْهَانَكُمْ هَذَا مَعِي قُلْ هَاتُوا﴾ |
| و | ﴿أَمْوَاتٌ غَيْرُ أَحْيَاءٍ﴾ | |
| ي | ﴿وَنَحْشُرُهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى وُجُوهِهِمْ عُمْيًا﴾ | ﴿اقْتَرَبَ لِلنَّاسِ حِسَابُهُمْ وَهُمْ فِي غَفْلَةٍ مُعْرِضُونَ﴾ |

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، ساكىنلىق مىم دىن كېيىن فا ۋە ۋاۋ تاۋۇشلىرى كەلسە بۇنداق چاغدا مىم ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىزھار قىلىپ ئوقۇلۇپ، مىم بىلەن ئۇ ئىككى ھەرپنىڭ مەخرىجى يېقىن بولۇش سەۋەبلىك ئىخفا شەكىللىنىپ قىلىشنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. مەسىلەن : ﴿عَلَيْهِمْ وَلَاالضَّالِّيْنَ﴾، ﴿فَمَالَكُمْ فِي الْمُنَافِقِيْنَ﴾.

**س: ئىدغام قانچە قىسىم بولىدۇ؟**

ج: ئىدغام ئىدغامغا قاتناشقان ھەرپلەرنىڭ تەلەپپۇز ئورتاقلىقى ياكى پەرقى بويىچە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1. ئىككى ئوخشاش تاۋۇشلۇق ئىدغام(اِدْغَامُ مُتَمَاثِلَيْن)
2. ئىككى تۈرداش تاۋۇشلۇق ئىدغام(اِدْغَامُ مُتَجَانِسَيْنِ)
3. ئىككى يېقىن تاۋۇشلۇق ئىدغام(اِدْغَامُ مُتَقَارِبَيْنِ)

## ئىككى ئوخشاش تاۋۇشلۇق ئىدغام
## (ادْغامُ مُتَمَاثِلَيْن)

**س: ئىككى ئوخشاش تاۋۇشلۇق ئىدغام دېگەن نېمە؟**

ج: بۇ، مەخرەج ۋە سۈپەت جەھەتتە ئوخشاش بولغان ئىككى ھەرپ بىر ياكى ئىككى كەلىمىدە ئارقىمۇ – ئارقا كەلگەن چاغدىكى ئىدغامنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ساكىنلىق مىمدىن كېيىن ھەرىكەتلىك مىم كەلگەن ياكى قايسى بىر ھەرپتىن كېيىن شۇ ھەرپنىڭ تەكرار كېلىشى ئۈستىدە ئۇنىڭ بىرىنچىسىنى ئىككىنچىسىگە كىرىشتۈرۈپ ئوقۇش بىلەن بولىدۇ. ئەمما شۇنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى يۇقارقى ساكىنلىق مىمنىڭ بايانىدا ئېيتىلغاندەك، مىم مىمغا ياكى نون نونغا ئىدغام قىلىنغاندا ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى غۇننە(دىماق تاۋۇشى) بىلەن تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مىساللىرى: ﴿قَالَ لَهُمْ مُوسَى﴾، ﴿اضْرِبْ بِعَصَاكَ الْبَحْرَ﴾

# ئىككى تورداش تاۋۇشلۇق ئىدغام
## (إدْغامُ مُتَجَانِسَيْنِ)

**س: ئىككى تورداش تاۋۇشلۇق ئىدغام دېگەن نېمە؟**

ج: مەخرەجى بىر بولسىمۇ، تەلەپپۇز سۈپىتىدە بىر ئاز پەرىق بولغان ئىككى تاۋۇشنىڭ بىر ئورۇندا كېلىپ قېلىشى نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ بىرىنچىسىنى ئىككىنچىسىگە كىرىشتۈرۈپ، بىرىنچى ھەرپنى ئىككىنچى ھەرپنىڭ تەلەپپۇزىدا ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا مۇشۇ خىل ئىدغام شەكىللىنىدۇ:

1. ساكىنلىق دال بىلەن تاء بىرگە كەلگەندە: ﴿قَدْ تَبَيَّنَ الرُّشْدُ مِنَ الغَيِّ﴾ ئوقۇلۇشى– (قَتَّبَيَّنَ)

2. ساكىنلىق تاء بىلەن دال بىرگە كەلگەندە: ﴿قَالَ قَدْ أُجِيبَتْ دَعْوَتُكُمَا﴾ ئوقۇلۇشى– (أُجِيبَدَّعْوَتُكُما)

3 . ساكىنلىق تاء بىلەن طاء بىرگە كەلگەندە: ﴿وَدَّتْ طَائِفَةٌ مِنْ أَهْلِ الْكِتَابِ﴾ ئوقۇلۇشى– (وَدَّطَّائِفَةٌ)

4. ساكىنلىق ذال بىلەن ظا بىرگە كەلگەندە: ﴿وَلَوْ أَنَّهُمْ إِذْ ظَلَمُوا أَنفُسَهُمْ﴾ ئوقۇلۇشى– (إظَّلَمُوا)

5. ساكىنلىق ثاء بىلەن ذال بىرگە كەلگەندە: ﴿أَوْ تَتْرُكْهُ يَلْهَثْ ذَلِكَ﴾ ئوقۇلۇشى– (يَلْهَذَّلِكَ)

6. ساكىنلىق باء بىلەن ميم بىرگە كەلگەندە: ﴿يَا بُنَيَّ ارْكَبْ مَعَنَا﴾ ئوقۇلۇشى– (يَا بُنَيَّ ارْكَمَّعَنَا)

## ئىككى يېقىن تاۋۇشلۇق ئىدغام
## (إِدْغَامُ مُتَقَارِبَيْنِ)

**س: ئىككى يېقىن تاۋۇشلۇق ئىدغام دېگەن نېمە؟**

ج: مەخرەج ھەمدە تەلەپپۇز سۈپىتى جەھەتتىن بىر- بىرگە يېقىن كېلىدىغان ئىككى تاۋۇش ئارقىمۇ - ئارقا كەلگەن چاغدىكى ئىدغامنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنىمۇ ئوخشاشلا بىرىنچىسىنى ئىككىنچىسىگە كىرىشتۈرۈپ ئوقۇيمىز. بۇ خىل ئىدغام ئادەتتە لام بىلەن را ۋە قاف بىلەن كاف سوقۇشۇپ كەلگەندىلا شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿قُلْ رَّبِّ﴾، ﴿أَلَمْ نَخْلُقكُّم﴾

بىرىنچى مىسالدىكى لام ھەرپى سەكتە نوقتىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن قائىدىلىك ھالدا ئىدغام بىلەن ئوقۇلىدى. ناۋادا يەنە مۇشۇنداق بىر ئورۇندا لام سەكتە نۇقتىسى بولۇپ قالغىنىدا، ئەكسىچە، ئۇ، «را» غا ئىدغام قىلىنماي، ئىزھار قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

## ئۆزگەرتىپ ئوقۇش (إِقْلابْ)

**س: ئۆزگەرتىپ ئوقۇش (إِقْلابْ) دېگەن نېمە؟**

ج: (إِقْلابْ) نىڭ سۆز مەنىسى ئۆزگەرتىش، ئۆرۈش دېگەنلىك بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى با تاۋۇشىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ساكىنلىق نون ياكى تەنۋىننى غۇننىلىك

دىماقلىق مىمغا ئۆزگەرتىپ ئوقۇشنى كۆرستىدۇ. بۇنىڭدا با تاۋۇشنى تەلەپپۇزدا مىملاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ مىمغا بىلىنەرلىك دەرىجىدە ئىخفا تۇسى بېرىۋېتىپ ئاندىن با تاۋۇشىغا ئۆتۇپ كېتىلىدۇ. مەسىلەن:

﴿مِنْ بَعد﴾نى ( مِمْبَعد)دەپ، ﴿الأنبِياء﴾نى (الأمْبِياء)دەپ، ﴿عليمٌ بِذَات﴾نى (عليمُمْبذات) دەپ ئوقۇيمىز.

# يوشۇرۇپ ئوقۇش (إِخْفاءٌ)

**س: يوشۇرۇپ ئوقۇش (إِخْفاء) دېگەن نېمە؟**

ج: (إِخْفاءُ)نىڭ سۆز مەنىسى يوشۇرۇش، يۆگەش، چاندۇرماسلىق دېگەن بولۇپ، ئىلمىي مەنىسى ساكىنلىق نون ياكى تەنۋىن تۆۋەندىكى يوشۇرۇن ئوقۇش ھەرپلىرىدىن بىرىنىڭ ئالدىدا كېلىپ قالغاندا شۇ نون ياكى تەنۋىننى ئوچۇق تەلەپپۇز ۋە تەشدىدسىز كىرىشمە تەلەپپۇز قىلىشنىڭ ئارىلىقىدا دىماغ تاۋۇشى قىلىپ، ئىككى ھەرىكەت مىقدارى ئۇن بېرىپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا تاۋۇش يېرىم ئوچۇق ھالەتتە بولۇپ، ئەمەلدىكى ساكىنلىق نون ۋە تەنۋىننىڭ تەلەپپۇزى تازا ئېنىق بولمايدۇ. بۇ ھەرىكەتكە تىل قاتناشمايدۇ.

ئۇلار مۇنۇ بەيت سۆزلىرىنىڭ باش ھەرپى بولۇپ كەلگەن 15 ھەرپتۇر:

«صِفْ ذا ثَنا كَمْ جادَ شَخْصٌ قد سَما • دُمْ طَيِّباً زِدْ في تُقيً ضَعْ ظالِماً»

يەككە تىزغاندا : «ص- ذ – ث – ك – ج – ش – ق -س- د -ط- ز- ف – ت - ض- ظ »، «الصاد ، والذال ، والثاء ، والكاف ، والجيم ، والشين ، والقاف ، والسين، والدال ، والطاء ، والزاي ، والفاء ، والتاء ، والضاد ، والظاء» لاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىساللار:

| ھەرپ | بىر سۆزدە كەلگەننىڭ مىسالى | ئىككى سۆزدە كەلگەننىڭ مىسالى | تەنۋىندىن كېيىن كەلگەننىڭ مىسالى |
|---|---|---|---|
| ص | يَنْصُرُكُمْ | مِنْ صِيَام | عَمَلاً صَالِحاً |
| ذ | لِيُنْذِرَ | مِنْ ذَلِكَ | صَوَاباً ذَلِكَ |
| ث | مَنْثُورًا | مِنْ ثُلثي اللَيْل | يَوْمَئِذٍ ثَمَانِيَة |
| ك | ينكثون | مَنْ كَذَّبَ | كِتَاب كريم |
| ج | فَانْجَيْنَاهُ | مَنْ جَاءَ بالحَسَنة | كِذَاباً جَزَاء |
| ش | انْشَأنَاهُ | فمن شَاءَ فليؤمِنُ | غفورٌ شَكُور |
| ق | يَنْقَلِبُونَ | مِنْ قبْل | ورِزْقاً قَالُوا |
| س | مَانَنْسَخْ | مِنْ سَعَتِه | بشراً سَوِيا |
| د | انْدَادًا | وَمَا مِنْ دَابَّة | قنوان دانية |
| ط | يَنْطِقُونَ | مِنْ طيِّبَاتِ | قَوْماً طاغِين |
| ز | إِنَّا انْزَلْنَاهُ | مَنْ زكاهَا | غُلاماً زَكِيًّا |
| ف | | من فضل الله | شِيَعاً فَرِيًّا |
| ت | وَمَاانْتُمْ | إلاّ مَنْ تَابَ | جَنّاتٍ تجرِي |
| ض | مَنْضُودًا | وَمَن ضَلَّ | مَكاناً ضَيِّقا |
| ظ | فَانظرْ | منْ ظلم | قوْماً ظالِمِين |

**س:يوشۇرۇپ ئوقۇش قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ؟**

ج:يوشۇرۇپ ئوقۇش ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىغا قاراپ، يوغان يوشۇرۇپ ئوقۇش(إِخْفَاءٌ مُفَخَّمٌ) ۋە ئىنچىكە يۇشۇرۇپ ئوقۇش(إِخْفَاءٌ مُرَقَّقٌ) دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئەگەر يوشۇرۇپ ئوقۇش ھەرپلىرى كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەردىن كېيىن كەلسە، ئۇ چاغدا بۇ يوغان يۇشۇرۇپ ئوقۇش(إِخْفَاءٌ مُفَخَّمٌ) دېيىلىدۇ. ئەگەر يوشۇرۇپ ئوقۇش ھەرپلىرى چۈشۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق

ھەرپلەردىن كېيىن كەلسە، ئاددىي يوشۇرۇپ ئوقۇش(إِخْفَاءٌ مُرَقَّقٌ) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىدغام جەريانىدا تاۋۇشنىڭ دىماغقا تايىنىشى ياكى لەبگە تايىنىشى كۆزدە تۇتۇلۇپ، غۇننىلىك (دىماغلاشما) يوشۇرۇپ ئوقۇش (إِخْفاءٌ مَعَ الْغُنَّةِ) ۋە لەۋلەشمە يوشۇرۇپ ئوقۇش (إِخْفَاءٌ شَفَوِيٌّ) دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئەگەر ساكىنلىق نون ياكى تەنۋىن يۇشۇرۇن ئوقۇش ھەرپلىرىنىڭ بىرىگە ئۇچرىغاندا، يۇقارقى غۇننىلىك (دىماغلاشما) يۇشۇرۇپ ئوقۇش(إِخْفاءٌ مَعَ الْغُنَّةِ) شەكىللىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿يَنْصُرُ﴾، ﴿غَنِيٌّ كَرِيْمٌ﴾

ئەگەر ساكىنلىق مىم‹‹ب››گەئۇچراشسا، بۇ لەۋلەشكەن يوشۇرۇپ ئوقۇش (إِخْفَاءٌ شَفَوِيٌّ) بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿هُمْ بِهِمْ﴾

## تەشدىدلىك «نون» ۋە «مىم»نىڭ ھۆكۈملىرى
## (أحْكامُ النُّونِ وَالْمِيْمِ الْمُشَدَّدَتَيْنِ)

**س: تەشدىدلىك«نون» ۋە «مىم» دېگەن نېمە؟**

ج:ئۆزى ئايرىم ئىككى ھەرپ بولسىمۇ، بىر ھەرپ قىلىپ يېزىلىپ، تەشدىدلىك ئوقۇلىدىغان «نون» ۋە «مىم» دۇر. ھەرقانداق ھەرپ تەشدىدلىك بولسا، ئۇ چوقۇم بىر- بىرگە كىرىشتۈرۈۋېتىلگەن ئىككى ھەرپتىن ئىبارەت بولىدۇ .مەسىلەن:﴿لَتَرْكَبُنَّ﴾، ﴿ثُمَّ﴾

**س: تەشدىدلىك«نون» ۋە «مىم» ئۇچۇن قانداق ھۆكۈم بار؟**

ج: قۇرئان كەرىم ئىچىدە قانداق بىر جايدا بۇ ئىككى ھەرپ تەشدىدلىك كەلسە، ئۇلارنى ئىككى ھەركەت مىقداردا غۇننە قىلىپ ئوقۇلىدۇ. بۇ خىل غۇننە تەشدىدلىك غۇننە دەپ ئاتىلىدۇ. مىسال: ﴿إِنَّا كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ﴾، ﴿ثُمَّ رَدَدْنَاهُ أَسْفَلَ سَافِلِيْنَ﴾

**س: ھەرىكەت مىقدارى دېگەن نېمە؟**

ج: بىر ھەرىكەت مىقدارى بارماقنى ئورتا سۈرئەت بىلەن بىر قېتىم يۇمۇپ ئاچقانچىلىك ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

# ساكىنلىق «لام»لارنىڭ ھۆكۈملىرى
# (حُكْمُ اللاَّمَاتِ)

**س: ساكىنلىق لام كەلىمىدىكى ئورنىغا ئاساسەن قانچىگە بۆلىنىدۇ؟**

ج: ئۇچكە بۆلىنىدۇ. ئۇلار:

(1) ئىنىقلاشتۇرۇش قوشۇمچىسى «اَلْ – ئەلىف لام» نىڭ لامى

(2) پېئىلنىڭ لامى

(3) ئىسمنىڭ لامى

(4) ھەرپنىڭ لامى

**س: ئىنىقلاشتۇرۇش قوشۇمچىسى «اَلْ – ئەلىف لام» نىڭ لامى دېگەن نېمە؟**

ج: بۇ، ئىنىقسىز ئىسىملارنىڭ باش قىسمىغا قېتىلىش ئارقىلىق ئېنىقلىق ئارتىكلى بولۇپ، ئۇلارنى ئىنىقلاشتۇرۇدىغان «اَلْ – ئەلىف لام»نىڭ لامىدۇر.

**س: بۇ خىل لام قانداق ئوقۇلىدۇ.**

ج: ئىزھارلىق ئوقۇش، ئىدغاملىق ئوقۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئوقۇلىدۇ.

**س: «اَلْ» قانداق چاغدا ئىزھارلىق ئوقۇلىدۇ؟**

ج: بۇ خىل لام قېتىلغان ئىسىمنىڭ باش ھەرپى

تۆۋەنــدىكى 14 ھەرپــنىڭ بىــرى بولغانــدا، بــۇ لام تەلەپپۇزدىن چۈشۈرۈپ قويۇلماي ئىنىق(ئىزھار قىلىپ) ئوقۇلىدۇ:

بۇ 14 ھەرپ تۆۋەندىكى سۆزگە جەملەشكەن:

إِبْغِ حَجَّكَ وخَفْ عَقِيْمَهُ

بـۇ ھەرپلەرنى قاتارلاشتۇرغاندا: «الهمزة، الباء، الغين، الحاء، الجيم، الكاف، الواو، الخاء، الفاء، العين، القاف، الياء، الميم، الهاء» لاردىن ئىبارەت. بۇلار ئاي ھەرپلىرى (حُرُوفٌ قَمَرِيَّةٌ) دەپ ئاتىلىــدۇ. بـۇلارنىڭ ئوقۇلۇشــىغا ئەمــەلىي مىسالـلار:

﴿الإِبِـل ، البَقَـر ، الغَنـَم ، الحـآقَّة ، الجِبَـال ، الكَفِـرُون ، الوَاقِعَـة ، الخآبِنِـين ، الفـآبِزُون ، العَـقِبَة ، الـقَرِيَة ، اليَـاقُوت ، المَوت ، الهُون﴾

س: «آلْ ــ ئـەلىف لام»نىـڭ لامــى قانـداق چاغـدا ئىدغام قىلىپ ئوقۇلىدۇ؟

«آلْ» ھـەر قانـداق چاغـدا تۆۋەنـدىكى 14 ھەرپـنىڭ بىــرى بىلــەن باشــلانغان ئىســمنىڭ بــاش تەرىپــگە قېتىلـسا، «ال» نىـڭ لامــى شەرتــسىز ھالــدا ئىـدغام قىلىــپ(لامنــى ئــايرىم ئوقــۇپ يۇرمەســتىن، لامنىــڭ ئالدىدىكى ياكى ئالدىنقى سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرپنى ئۇدۇللا لامدىن كېيىنكى ھەرپكە ئۇرۇشتۇرۇپ) ئوقۇلـۇدۇ- دە، لام تەلەپپۇزدىن چۈشۈپ قالىدۇ.

بۇ 14 ھەرپنىڭ قۇياش ھەرپلىرى(حُرُوفٌ شَمْسِيَّةٌ) دەپ ئاتىلىشىغا ماس ھالدا، بۇ ھەرپلەرنى باش ھەرپ قىلغان

سۆزلەرگــە قېتىلغــان لامــۇ «لامُ الشَّمْسِيَّة ـ قــۇياش تاۋۇشــلىرى لامــى» دەپ، بــۇ يــەردىكى ئىــدغام بولــسا، «إِدْغامٌ شَمْسِيَّةٌ» يـاكى «إِدْغَامُ لامِيَّةُ» دەپ ئاتىلـىدۇ. 14 قــۇياش هەرپــى تۆۋەنــدىكى بــەيت ســۆزلىرىنىڭ بــاش هەرپلىرىدىن ئىبارەت:

« طِبْ ثم صِلْ رَحِماً تَفُزْ ضَفٌ ذا نِعَمٍ• دَعْ سُوءَ ظَنٍّ زُرْ شريفاً للكَرَم »

ئــۇلارنى قاتارلاشــتۇرغاندا: «الطاء والثاء والصاد والراء والتـاء والـضاد والـذال والنـون والـدال والـسين والظـاء والـزاي والـشين واللام» لاردىــن ئىبــارەت. تۆۋەنــدە بــۇلار ئۈچــۈن ئەمەلىي ئۆرنەك بېرىمىز:

يېزىلىشى / ئوقۇلۇشى

ط: ﴿ الطَّآمَّةُ﴾ (أَطَّآمَّة) .

ث: ﴿ الثَّمَرَاتِ﴾ (أَثَّمَرَات) .

ص: ﴿ الصَّلِحَات﴾ (أَصَّالِحات) .

ر: ﴿ الرَّحمن ﴾ (أَرَّحمن) .

ت: ﴿ التَّئبُون﴾ (أَتَّائبون) .

ض: ﴿ الضَّآلين﴾ (أَضَّالِّين) .

ذ: ﴿ والذَّ رِيَتِ﴾ (وذَّارِيات) .

ن: ﴿ النَّاس﴾ (أَنَّاس) .

د: ﴿ الدَّاعِيَ﴾ (أَدَّاعي) .

س: ﴿ السَّئِحون﴾ (أَسَّائِحون) .

ظ: ﴿ الظَّآنِين﴾ (أَظَّانِّين) .

ز: ﴿ الزَّقُّوم﴾ (أَزَّقوم) .

ش: ﴿الشَّمس﴾ (أَشَّمس) .

ل: ﴿التَّيل﴾ (أَلَّيل) .

**س: پېئىلنىڭ لامى دېگەن نېمە؟**

ج: ئۆتكەن زامان، كېلەر زامان ۋە بۇيرۇق پېئىللىرىدا كېلىدىغان لامدىن ئىبارەت.

**س: پېئىلنىڭ لامى قانداق ئوقۇلىدۇ؟**

ج: پېئىلنىڭ لامىدىن كېيىن «ل»، «ر» ھەرپلىرى كەلسە ئىدغام قىلىپ ئوقۇلىدۇ. ئۇندىن باشقا ھەرپلەر كەلسە ئىزھار قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿قُلْ لَّكُمْ﴾، ﴿وَقُلْ رَّبِ﴾

بۇ ئىككى ئورۇندا لام تاۋۇشى بىردە ئوخشاش ۋە بىردە يېقىن تاۋۇشقا يولۇققانلىقى ئۈچۈن ئىدغام شەرتى ھازىرلانغان.

**س: ئىسىمنىڭ لامى دېگەن نېمە ۋە قانداق ئوقۇلىدۇ؟**

بۇ، ئىسىم تىپىدىكى سۆزلەردە كېلىدىغان لام بولۇپ، دائىم سۆزنىڭ ئوتتىسىدا كېلىدۇ. بۇ لام ھەر قانداق يەردە ئىزھار قىلىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ﴾.

**س: ھەرپنىڭ لامى دېگەن نېمە؟**

بۇ پەقەت «هَلْ» دېگەن سوراق قوشۇمچىسى بىلەن «بَلْ» دېگەن باغلىغۇچىدىكى لامدۇر.

**س: ھەرپنىڭ لامى قانداق ئوقۇلىدۇ.**

ج: يۇقارقى ئىككى ھەرپىدىن كېيىن «لام» ياكى «را» تاۋۇشلىرىدىن بىرى كەلسە، ئىدغام قىلىپ، بولمىسا ھەر دائىم ئىزھار قىلىپ ئوقۇلىدۇ. ئۆزىدىن كېيىن «لام» كەلگەن ئەھۋالدىمۇ، ناۋادا بۇ سەكتە نوقتىسى بولۇپ قالسا، يەنە ئوخشاشلا ئىزھار قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

ئىدغامسىز ئوقۇلغاننىڭ مىسالى:

﴿بَلْ هُمْ بِلِقَاءِ رَبِّهِمْ كَافِرُونَ﴾، ﴿هَلْ يَسْتَطِيعُ﴾

ئىدغاملىق ئوقۇلغاننىڭ مىسالى:

﴿بَلْ لَّمَّا﴾، ﴿بَلْ رَّفَعَهُ اللَّهُ إِلَيْهِ﴾

تۆۋەندىكى «لام» بىلەن «را» سەكتە ئورنىدا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا كىرمەيدۇ:﴿ كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ﴾

## ساكىنلىق ئەلىف
## (أحْكَامُ الألِفِ السَّاكِنَةِ)

**س: ساكىنلىق ئەلىف قانداق ئوقۇلىدۇ؟**

ج: ئەلىف كۆتۈرەڭگۈ تەلەپپۇزلۇق ھەرپلەردىن كېيىن كەلسە يوغان ئوقۇلىدۇ. يەنە را تاۋۇشىدىن كېيىن كەلگەن ئەلىفمۇ يوغان ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَالْبَاقِيَاتُ الصَّالِحَاتُ﴾، ﴿فَأُوْلَئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾، ﴿فُرْقَاناً﴾، ﴿قَالُوا طَائِرُكُمْ﴾

رادىن كېيىن كەلگەننىڭ مىسالى: ﴿أَجْراً عَظِيمًا﴾، ﴿فَعَلَيَّ إِجْرَامِي﴾، ﴿خَيْرًا يَرَهُ﴾



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ھەر قايسى مەدلەرنىڭ ئوقۇلۇشى
## (أَحْكَامُ الْمَدِّ)

**س: مەد دېگەن نېمە؟**

ج: سۆز مەنىسى ئاشۇرۇش، سوزۇش، ئاتالغۇلۇق مەنىسى مەد تاۋۇشلىرىدىن بولغان بىر تاۋۇشنى ئادەتتىكىدىن ئىككى ھەرىكەت ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوزۇپ ئوقۇش دېمەكتۇر. ئادەتتە ئەلىف ياكى ھەمزە مەد سەبەبى بولغان نۇقتىسىدا مەد ھەرپى ئۈستىگە قويۇلىدىغان «~» بەلگىسىمۇ مەد دېيىلىدۇ.

**س: مەد تاۋۇشلىرى دېگەن نېمە؟**

ج: ئۇلار: ئالدى پەش ئوقۇلغان ساكىنلىق ۋاۋ، ئالدى زىر ئوقۇلغان ساكىنلىق يا، ئالدى زەبەر ئوقۇلغان زەبەرلىك ئەلىفتىن ئىبارەت ئۈچ ھەرپتۇر. ئۇلارنى سۈرە ھۇدنىڭ 49 ئايىتىدىكى ﴿نُوحِيهَا﴾ سۆزى بىلەن ئىپادىلەشكىمۇ بولىدۇ.

**س: مەد سەبەبى دېگەن نېمە؟**

ج: ئۇنىڭ بىرى، مەد تاۋۇشى بولغان يۇقارقى ئۈچ تاۋۇشنىڭ بىرىدىن كېيىن، شۇ تاۋۇش بىلەن بىر سۆز ئىچىدە ياكى ئىككىنچى سۆز بېشىدا كەلگەن ھەمزىنى كۆرسەتسە؛ يەنە بىرى، مەد تاۋۇشىغا بىر سۆز ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوئدىــشىپ كــېلىپ، ۋاقىتلىــق (توختــاپ ئوقــۇش سەۋەبىدىن) ياكى دائىــم (توختىغاندىمــۇ، ئۇلىغاندىمــۇ ئوخشاشلا) ساكىن ئوقۇلىدىغان بىر تاۋۇشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن:

﴿وَالسَّمَاءِ وَمَا بَنَاهَا﴾، ﴿قَالُوا آمَنَّا بِرَبِّ الْعَالَمِينَ﴾، ﴿مَا أَصَابَ مِنْ مُصِيبَةٍ فِي الأَرْضِ وَلا فِي أَنْفُسِكُمْ إلا فِي كِتَابٍ﴾ .

﴿عم يتساءلون﴾، ﴿وآمنهم من خوف﴾، ﴿فاليعبدوا رب هذا البيت﴾، ﴿لترون الجحيم﴾، ﴿والحاقة﴾.

بۇ مىساللارنىڭ ئالدىنقى ئۇچىدە مەد ھەرپى بولغان ئەلىف، ۋاۋ، يالارغا ھەمزە مەد سەۋەبى بولۇپ كەلگەن. كېيىنكى بەش مىسالنىڭ ئالدىنقى ئۇچىدە توختاش سەۋەبلىك ساكىن ئوقۇلغان «نون، فا، تا، ميم» قاتارلىقلار مەد سەۋەبى بولۇپ كەلدى. ئەڭ ئاخىرقى مىسالدا بولسا، ئالدى زەبەرلىك ئەلىفتىن كېيىن تەشدىد شەكلىگە كىرگەن ئىككى قاف ھەرپى كېلىپ ئۇنىڭ بىرىنچىسى يۇقارقى قائىدىگە ماس ھالدا ئىزچىل ساكىن ئوقۇلۇپ، بۇ يەردىكى مەد ھەرىكىتىگە سەۋەب بولدى.

**س: مەد قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

ج: ئەسلىي مەد (المَدُّ الأَصْلِيُّ ياكى المَدُّ الطَّبِيعِيُّ ) ۋە تارماق مەد (المَدُّ الفَرْعِيُّ) دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

**س: ئەسلىي مەد دېگەن نېمە؟**

ج: بۇ خىل مەد يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خىل مەد تاۋۇشىنىڭ ھەمزە ياكى ساكىندىن ئىبارەت مەد سەبەبىگە باغلانمىغان ھالدا كەلگەندە ئىككى ھەرىكەت مىقدارىدىن ئۇشۇق ـ كەم قىلماي سوزۇپ ئوقۇلىشىدۇر.

بۇ مەدنىڭ تەبىئىي ياكى ئەسلىي مەد دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، سەزگۈسى نورمال بولغان ھەر قانداق بىرقۇرئان ئوقۇغۇچى ئۇنى ئوقۇشتا ئىككى ھەرىكەت مىقدارى دېگەن سوزۇش ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كەملىتىپ سوزمايدۇ. قال، يقول، قيل،

**س: ئەسلىي مەد قانچە قىسىم؟ ئۇلار قايسى؟**

ج: تۆت قىسىم بولۇپ، ئۇلار:

(1) ئالماشما مەد (مَدُّ الْعِوَضِ)

(2) باغلانما مەد (مَدُّ الصِّلَةْ)

(3) ھەرپچە تەبىئىي مەد (مَدُّ الْحَرْفِ الطَّبِيعِيِّ)

(3) ئىگەشمە مەد (مَدُّ الْبَدَلْ)

(4) تۇراقلاشما مەد (مَدُّ التَّمْكِيْنْ)

## ئالماشما مەد (مَدُّ الْعِوَضِ)

**س: ئالماشما مەد دېگەن نېمە؟**

ج: ئاخىرى قوش زەبەرلىك تەنۋىن بولغان سۆزدىكى تەنۋىن (اً) توختاپ ئوقۇغان چاغدا، تەلەپپۇزدا ساكىنلىق ئەلىفقا ئالماشتۇرۇپ ئوقۇلغاندىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. بۇ

مەدمۇ تەبىئىي (ئەسلىي) مەدنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿رَحِيْماً﴾، ﴿بَصِيْراً﴾.

بىز بۇلارنىڭ ھەر بىرىدە توختاپ ئوقۇغىنىمىزدا ﴿رَحِيْما﴾، ﴿بَصِيْرا﴾ دەپ ئوقۇيمىز. يەنى ئەسلىدىكى زەبەرلىك تەنۋىن ئالدى زەبەرلىك بولغان ساكىنلىق ئەلىپقا ئالمىشىدۇ.

## باغلانما مەد (مَدُّ الصِّلَةِ)

**س: باغلانما مەد دېگەن نېمە؟**

ج: بۇ «هُوَ - ھۇۋە» (ئۈچىنچى شەخس ئەرەنچە ئالماش)نىڭ باغلاپ يېزىلىدىغان شەكلى «ه»گە پەشلىك ھالەتتە ۋاۋ ھەرپى زىرلىك ھالەتتە يا ھەرپىنى ئېغىزدا قوشۇپ ئوقۇغاندىكى سوزۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق سوزۇپ ئوقۇش ئۈچۈن چوقۇم «ه»نىڭ ئالدى - كەينىدە ھەرىكەتلىك ھەرپ بولىشى كېرەك. بۇ خىل مەد ئۆز ئىچىدە «مد الصلة الكبرى - چوڭ باغلانما مەد»، «مد الصلة الصغري - كىچىك باغلانما مەد» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

## كىچىك باغلانما مەد

(مَدُّ الصِّلَةِ الصُّغْرَي)

**س: كىچىك باغلانما مەد دېگەن نېمە؟**

ج: چوڭ باغلانما مەد بولسا، باغلاپ يېزىلىدىغان «ە» تاۋۇشى پەشلىك ياكى زىرلىك كېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزۇك ھەمزە (ئۇزۇپ ئوقۇلىدىغان ھەمزە) كەلمىگەن چاغدىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ سوزۇلۇشى ئىككى ھەرىكەت مىقدارىدا بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾، ﴿وَكُنَّا بِهِ عَالِمِينَ﴾

## چوڭ باغلانما مەد

(مَدُّ الصِّلَةِ الْكُبْرَى)

**س: چوڭ باغلانما مەد دېگەن نىمە؟**

(1) «چوڭ باغلانما مەد» بولسا، «ە»تاۋۇشى «پەش» ياكى «زىر»لىك كېلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزۇك ھەمزە (ئالدىنقى تاۋۇشتىن ئۇزۇپ، مۇستەقىل ئوقۇلىدىغان ھەمزە. بۇنىڭ قارشىسى ئۇلاق ھەمزە بولىدۇ) كەلگەن چاغدىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا «پەش» نى ۋاۋغا، «زىر» نى ياغا تويۇندۇرۇپ، ئاز بولغاندا ئىككى، بولمىسا تۆت ياكى بەش ھەرىكەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىقدارىدا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. بۇنى باغلانما دېيىشىمىز، «هىۋ» ھەرپى يۇقارقى شەرتكە چۈشكەن يەرنىڭ ھەممىسىدە مەد ھەرپىگە باغلىنىپ سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَأَنَّ اللّهَ عِندَهُ أَجْرٌ عَظِيم﴾.

**س: «هُوَ» قانداق ۋاقىتتا سوزۇپ ئوقۇلمايدۇ؟**

ج: مۇنداق ئىككى جايدا سوزۇپ ئوقۇلمايدۇ. بىرى، «هو»نىڭ ئالدىدا ساكىنلىق ھەرپ بولسا، مەسىلەن: ﴿فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ الشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ﴾، ﴿وَهَدَاهُ إلى صِرَاطٍ مُسْتَقِيْمْ﴾. لېكىن بۇ ئومۇمىي قائىدىگە بويسۇنمايدىغان قىسمەنلىك سۈرە فۇرقاننىڭ 69 ـ ئايەتتىدىكى ﴿وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَاناً﴾ دا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە گەرچە «ه» نىڭ ئالدىدا ساكىنلىق ھەرپ بولسىمۇ ئۇنى ئىككى ھەرىكەت مىقدارىدا سوزۇپ ئوقۇيمىز.

يەنە بىرى، «هُ» نىڭ كەينىدە ساكىنلىق ھەرپ بولسا، مەسىلەن: ﴿كَمَا عَلَّمَهُ اللّهُ﴾

«هُوَ» ئىككى ھەرىكەتلىك ھەرپ ئوتتۇرسىدا كەلسىمۇ، سوزۇپ ئوقۇلمايدىغان بىر جاي بار. ئۇ سۈرە زۇمەرنىڭ 7 ـ ئايىتىدىكى ﴿وَاِنْ تَشْكُرُوا يرضَهُ لكم﴾ دېگەن كەلىمە بولۇپ، بۇ ئايەتتىكى «هُوَ» گەرچە ئىككى ھەرىكەتلىك ھەرپ ئوتتۇرسىدا كەلسىمۇ، بىز ئۇنى سوزمايلا ئوقۇپ كېتىمىز.

## ھەرپچە تەبىئىي مەد
## (مَدُّ الْحَرْفِ الطَّبِيعِيِّ)

**س: ھەرپچە تەبىئىي مەد دىگەن نىمە؟**

ج: بۇ، بىر قىسىم سۇرىلەرنىڭ باش تەرىپىدە كېلىپ يەككە تاۋۇش سۈپىتىدە ئوقۇلىدىغان، «حَيٌّ طَهُرَ» سۆزىنى ھاسىل قىلغان بەش ھەرپىنىڭ مەد بىلەن ئوقۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿حم- حا﴾، ﴿كهيعص- ها يا﴾، ﴿طس- طا﴾، ﴿المر- را﴾. بۇلارنى ئىككى ھەرىكەت سوزۇپ ئوقۇيمىز.

## تىگەشمە مەد (مَدُّ الْبَدَلْ)

**س: تىگەشمە مەد دىگەن نىمە؟**

ج: بىر سۆزدە مەد ھەرپىدىن كېيىن ھەمزە كەلگەن چاغدىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿آمَنُوا﴾، ﴿إيمانا﴾، ﴿أوتوا﴾

بۇ مەد تەبئىي سوزۇپ ئوقۇشقا ئوخشاش ئىككى ھەرىكەت مىقدارىدا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

**س: نىمە ئۈچۈن «تىگەشمە مەد» دەپ ئاتالغان؟**

ساكىنلىق ھەمزە زەبەرلىك مەد ھەرپىنىڭ ئالدىدا كەلسە ئەلىفكە، زىرلىق مەد ھەرپىنىڭ ئالدىدا كەلسە يا

ھەرپىگە، پەشلىك مەد ھەرپىنىڭ ئالدىدا كەلسە ۋاۋ ھەرپىگە ئىگىشىلىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. شۇڭا، يۇقارقى سۆزلەرنىڭ بىرىنچىسىنىڭ ئەسلىسى ﴿أءمنو﴾ بولۇپ ھەمزە ئەلىفقا ئىگىشىلىپ ﴿آمَنُوا﴾ بولغان، ئىككىنچىسىنىڭ ئەسلىسى ﴿إءمانا﴾ بولۇپ، ھەمزە ياغا ئىگىشىلىپ ﴿إيمانا﴾ بولغان، ئۈچىنچىسىنىڭ ئەسلىسى ﴿أُءتوا﴾ بولۇپ، ھەمزە ۋاۋغا ئىگىشىلىپ ﴿أوتوا﴾ بولغاندۇر.

باشقا مىساللار:

| ئادەتتىكى شەكلى | ئەسلىي شەكلى |
|---|---|
| آدم | أأدم |
| آزر | أأزر |
| الأولى | الأؤلى |

## تۇراقلاشما مەد
## (مَدُّ التَّمْكِيْنْ)

**س: تۇراقلاشما مەد دېگەن نېمە؟**

ھەرىكەتلىك يا ھەرپىنىڭ ئالدىدا كەلگەن مەدلىك يا (ئالدى زىر ئوقۇلۇپ، مەد ھەرپىگە ئايلانغان يا) ياكى ھەرىكەتلىك ۋاۋ ھەرپىنىڭ ئالدىدا كەلگەن مەدلىك ۋاۋ (ئالدى پەش ئوقۇلۇپ مەد ھەرپىگە ئايلانغان ۋاۋ)دىكى

مەدنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿الَّذِي يُوعدون﴾، ﴿آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ﴾. تەشدىدلىك ئوقۇلغان يا ھەرپىدىن كېيىن كەلگەن مەدلىك يا ھەرپىمۇ مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. مەسىلەن: ﴿حُيِّيْتُمْ﴾، ﴿وَالنَّبِيِّيْنَ﴾.

بۇ مەدنىڭ سوزۇش مىقدارىمۇ تەبئىي مەد ئۆلچىمى بويىچە ئىككى ھەرىكەت بولىدۇ.

**س: بۇ مەد نېمە ئۈچۈن «تۇراقلاشما مەد» دەپ ئاتالغان؟**

مەدلىك يا تاۋۇشى ياكى مەدلىك ۋاۋ تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزىگە تۇرداش بولغان ھەرىكەتلىك ھەرپلەرنىڭ ئالدىدا كېلىشى ياكى مەدلىك يا ھەرپىنىڭ ئالدى تەشدىدلىك ئوقۇلغانلىقى بۇ ئىككى ھەرپىنىڭ سوزۇپ ئوقۇلىشىنى تەبئىي تۇراقلىقلىققا ئىگە قىلغانلىقىدىن شۇنداق ئاتالغان.

## تارماق مەد (ألْمَدُّ الْفَرْعِيُّ)

**س: تارماق مەد دېگەن نېمە؟**

ج: مەد ھەرپلىرى بولغان «واو- ألف- ياء» لاردىن كېيىن ھەمزە ياكى ساكىن بولۇشنى شەرت قىلىدىغان سوزۇپ ئوقۇش تارماق سوزۇپ ئوقۇش (ألْمَدُّ الْفَرْعِيُّ) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ سوزۇلۇش مىقدارى ئادەتتە ئىككى ھەرىكەت مىقداردىن ئالتە ھەرىكەت مىقدارىغىچە بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**س: تارماق مەد نەچچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

ج: تارماق مەد ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن مەد سەۋەبىنىڭ ھەمزە ياكى ساكىن بولۇشىغا باغلىق ھالدا ئۆۋەندىكىدەك ئالتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلاردىن ئالدىنقى ئۈچ مەد(تۇتاشما مەد، ئايرىلما مەد، پەرقلەنچى مەدلەر) ھەمزە سەۋەبى بىلەن شەكىللەنسە، قالغانلىرى ساكىن سەۋەبى بىلەن شەكىللىنىدۇ:

1) تۇتاشما مەد (الْمَدُّ الْمُتَّصِلُ)

2) ئايرىلما مەد (الْمَدُّ الْمُنْفَصِلُ)

4) ساكىنغا باغلىق ئۆتكۈنچى مەد (الْمَدُّ الْعارِضُ لِلسُّكُونِ)

5) ئىزچىل مەد (الْمَدُّ اللاَّزِمُ)

## تۇتاشما مەد (الْمَدُّ الْمُتَّصِلُ)

**س: تۇتاشما مەد نىمە؟**

س: مەد ھەرپىدىن كېيىن ھەمزە مەد سەۋەبى بولۇپ كېلىپ ئىككى تاۋۇش بىر سۆزدە ئۇچرىغان چاغدىكى مەد ھەرپىنىڭ سوزۇپ ئوقۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَالسَّمَاءِ وَمَا بَنَاهَا﴾ . بۇ مەدنىڭ سوزۇلۇشى ۋاجىبتۇر. بۇ ئورتاق كۆرسەتمە بولۇپ، ئۇلاپ ئوقۇغاندا بەش ھەرىكەت ياكى تۆت ھەرىكەت، توختاش نۇقتىسىدا كەلسە ئالتە

ھەرىكەتكىچە سوزۇپ ئوقۇلىدۇ. بۇنىڭ «مُتَّصِلٌ- تۇتاش» دەپ ئاتىلىشى مەد سەۋەبى بىلەن مەد تاۋۇشىنىڭ تۇتاش ھالدا بىر سۆزدە كەلگەنلىكىدىندۇر.

## ئايرىلما مەد (المَدُّ الْمُنْفَصِلُ)

**س: ئايرىلما مەد (المَدُّ الْمُنْفَصِلُ) دېگەن نېمە؟**

ج: مەد تاۋۇشى بىر سۆزنىڭ ئاخىرىدا، مەد سەۋەبى كېيىنكى سۆزنىڭ باش تەرىپىدە كەلگەن چاغدىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿إِنَّا أَنْزَلْنَاهُ فِي لَيْلَةِ الْقَدْرِ﴾، ﴿إِنِّي أَنَا الله﴾، ﴿قُولُوا آمَنَّا﴾

يا ۋە ھا تاۋۇشلىرىدىن كېيىن ھەمزە كەلسە، ئۇمۇ ئايرىلما مەد بولىۋېرىدۇ. مەسىلەن: ﴿ياأَيُّها﴾، ﴿هاأَنتم﴾

بۇ خىل مەدنىڭ سوزۇلۇشى ۋاجىب دەرىجىسىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كەمى 2 ھەرىكەت، يۇقىرىسى بەش ھەرىكەت مىقدارىدا سوزۇپ، ئەركىن ھالدا ئوقۇشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ساكىنغا باغلىق ئۆتكۈنچى مەد

(الْمَدُّ الْعَارِضُ لِلسُّكُونِ)

**س: ساكىنغا باغلىق ئۆتكۈنچى مەد دېگەن نېمە؟**

ج: مەد تاۋۇشى (أَلِفْ)دىن كېيىن ئەسلىدە ھەرىكەتلىك بولغان لېكىن توختاش سەۋەبلىك ياكى ئىدغام سەۋەبلىك ساكىن بولۇپ قالغان بىر تاۋۇش كەلگەندىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. لىين ھەرپى (ئالدى زەبەر ئوقۇلغان ۋاۋ بىلەن يا تاۋۇشى) دىن كېيىن ئۆتكۈنچى ساكىن كەلگەندىمۇ مۇشۇ خىل مەد شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل مەد يۇمشاق تاۋۇشلۇق ئۆتكۈنچى مەد (الْمَدُّ الْلِيْنْ) دەپ ئاتىلىپ، ساكىنغا باغلىق ئۆتكۈنچى مەدنىڭ ئىچىدىكى بىر تۈرنى تەشكىل قىلىدۇ.

مىساللار: ﴿الكتابْ﴾، ﴿للمتقينْ﴾، ﴿يعقلونْ﴾، ﴿وَإِيَاكَ نَسْتَعِينْ﴾، ﴿لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدْ﴾، ﴿قُرَيشْ ﴾، ﴿خوفْ﴾

بۇ مەدنى ئىككى ھەرىكەت، تۆت ھەرىكەت، بەش ھەرىكەت، ئالتە ھەرىكەتكىچە سوزۇپ ئوقۇش جائىز.

**ئەسكەرتمە:**

بۇ خىل مەد شەكىللەنگەن سۆزلەرنىڭ ئىچىدە ئايىغى زىر ياكى پەشلىك كەلگەنلىرىدە رەۋم شەكلىدە توختالسا، ئۇلار مەد قىلىپ ئوقۇلمايدۇ.

لىين تاۋۇشى دەپ نېمىگە ئەيتىمىز؟

ئۆزى ساكىن ئوقۇلۇپ، ئالدىدىكى تاۋۇش زەبەرلىك ئوقۇلغان ۋاۋ بىلەن يادۇر. مەسىلەن: ﴿مِن خَوْفٍ﴾، ﴿ولانَوْمٌ﴾، ﴿والصَّيْفِ﴾.

## ئىزچىل مەد (الْمَدُّ اللازِمْ)

**س: ئىزچىل مەد دېگەن نېمە؟**

ج: بىر ھەرپ ياكى ئىسىمدا مەد ھەرپىدىن كېيىن ئىزچىل ساكىن ئوقۇلىدىغان بىر ھەرپ كەلگەن چاغدىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مەدنى بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم بويىچە چوقۇم ئوشۇق – كەمسىز ئالتە ھەرىكەت مىقدارى سوزۇپ ئوقۇش ۋاجىب. بۇ خىل مەد يۇقارقى خاراكتېرى بويىچە ئۆز ئىچىدە تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇلار:

«الْمَدُّ اللازِمُ الْمُثَقَّلُ الْكَلِمِيُّ– سۆزچە ئېغىر ئىزچىل مەد»

«الْمَدُّ اللازِمُ الْمُخَفَّفُ الْكَلِمِيُّ– سۆزچە يەڭگىل ئىزچىل مەد»

«الْمَدُّ اللازِمُ الْمُثَقَّلُ الْحَرْفِيُّ – ھەرپچە ئېغىر ئىزچىل مەد»،

«الْمَدُّ اللازِمُ الْمُخَفَّفُ الْحَرْفِيُّ– ھەرپچە يەڭگىل ئىزچىل مەد»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سۆزچە ئېغىر ئىزچىل مەد
## (الْمَدُّ اللاَزِمُ الْمُثَقَّلُ الْكَلِمِيُّ)

**س: سۆزچە ئېغىر ئىزچىل مەد دېگەن نېمە؟**

ج: بىر سۆزدە مەد ھەرپى( ئالدى زەبەرلىك ئەلىف) كېيىن ئۇلاپ ئوقۇلغاندىمۇ، توختاپ ئوقۇلغاندىمۇ ئىزچىل ساكىن ئوقۇلىدىغان بىر ھەرپ كەلگەن چاغدىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿الْحَاقَّةُ مَا الْحَاقَّةُ﴾ . مىسالدىكى «الحاقَّة » ئەسلىدە «الحاقْقَة » دۇر. ئىدغام تۈپەيلىدىن مىسالدىكى شەكىلگە كىرگەن. دېمەك، بۇ يەردە مەد ھەرپى بولغان ئالدى زەبەرلىك ئەلىفتىن كېيىن ساكىن (بىرىنچى قاف) كەلدى ھەمدە ئۇ كېيىنكى ھەرپكە (ئىككىنچى قافقا) ئىدغام قىلىنىپ ئوقۇلدى ـ دە، ئىزچىل مەد قىلىپ ئوقۇشنىڭ شەرتى ھازىرلاندى. بۇنىڭ يەنە باشقا مىساللىرى: ﴿الضالّين﴾،﴿الصاخَّة﴾، ﴿دابَّة﴾، ﴿الحاقّة﴾، ﴿الطَّامَّة﴾، ﴿تَأْمُرُونِّي﴾،﴿أتُحاجّونّي﴾، ﴿آالذكرين﴾، ﴿آلله﴾ مۇنۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىسالدىكى مەدمۇ ئوخشاشلا نۆۋەتتىكى مەد تۈرىگە كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىدىكى مەدلىك ھەمزە (آ) ئەسلىدە ئىككى ھەمزە بولۇپ، ئالدىنقىسى سوراق قوشۇمچىسى، كېيىنكىسى ئىسىم بېشىدا كەلگەن «ال» نىڭ

ھەمزىسى. قائىدە بويىچە ئىككىنچى ھەمزە ئەلىفكە ئالماشتۇرۇلۇپ (يەنى ساكىن ئوقۇلۇپ)، ئەسلىدىكى(أَأْ) بولسا (آ) غا ئايلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىكى مەد ھەرپىنىڭ باشقا بىر ھەرپ ئەمەس بەلكى (آ) نى ھاسىل قىلغان ئەسلىدىكى ھەرىكەتلىك ھەمزە ئىكەنلىكىنى، ئەنە شۇ ھەمزە بۇيەردە ئالدى زەبەر ئوقۇلغان ئەلىف سۈپىتىدە مەد ھەرپى بولغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىن ئالدىنقى سۆزدە ذال، كېيىنكى سۆزدە لام دىن ئىبارەت ساكىنلىق ھەرپ كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ ساكىنلىق ھەرپىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى تۇرداش ھەرپكە ئىدغام قىلىنغانلىقىنى ئاڭقارغىنىمىزدا، بۇلاردىمۇ ئوخشاشلا نۆۋەتتىكى مەدنىڭ شەرتلىرى ھازىرلانغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز. بۇ خىل مەدنى بىر قىسىم مۇئەللىفلەر ئايرىم بىر تۈر قىلىپ، پەرقلەمچى مەد(مد الفَرْق) دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ مەدگە پەرقلەمچى دېگەن نامنى بېرىشى بۇ خىل مەدنى ئىجرا قىلىش شۇ ئورۇندا بىرىنچى ھەمزە (سوراق قوشۇمچىسى)دىن كېيىن كەلگەن سۆزنى شۇ جۈملىدىكى خەبەرنى ئىگىدىن پەرقلەندۇرۇشكە خىزمەت قىلىدۇ، دەپ قارىغانلىقىدىندۇر. بىز بۇ ئەھۋالنىڭ قۇرئاندا كۆپ ئۇچرىمايدىغانلىقى ھەمدە بۇ يەردە مەد ھەرپىنى شەكىللەندۇرگەن بىرىنچى ھەمزىنى باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلارغا ئوخشاش بىر ئۇزۇك تاۋۇش دەپ قارىغىنىمىزدا، ئۇنى ئايرىم تۈر قىلىپ بۆلۈشكە ھاجەت قالمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەدنى ئىزچىل مەدنىڭ قاتارىغا قوشۇۋەتتۇق. بۇنداق مەد قۇرئان كەرىمدە نۆۋەتتىكى تۇر ۋە كېيىنكى «سۆزچە يەڭگىل ئىزچىل مەد» تۇرىنى تەشكىل قىلغان هالدا پەقەت ئالتە يەردىلا كېلىدۇ. ئۇلار:

نەمل ۋە يۇنۇس سۈرىلىرىنىڭ 59 ـ ئايىتىدىكى ﴿آللَّهُ﴾ دە.

يۇنۇس سۈرىسىنىڭ 51 ـ ۋە 91 ـ ئايىتىدىكى ﴿آلآنَ﴾ دە.

ئەنئام سۈرىسىنىڭ 144 ـ ۋە 143 ـ ئايەتلىرىدىكى ﴿قُلْ آلذَّكَرَيْنِ﴾ دە.

## سۆزچە يەڭگىل ئىزچىل مەد

(الْمَدُّ اللازِمُ الْمُخَفَّفُ الْكَلِمِيُّ)

**س: سۆزچە يەڭگىل ئىزچىل مەد دېگەن نېمە؟**

ج: بىر سۆزدە مەد هەرپىدىن كېيىن كەلگەن ئىزچىل ساكىن ئۆزىدىن كېيىنكى هەرپكە ئىدغام قىلىنمىغان چاغدىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مەد قۇرئاندا بىر يەردىلا كېلىدۇ. ئۇ: ﴿آلآن﴾ دۇر.

## ھەرپچە يەڭگىل ئىزچىل مەد
(الْمَدُّ اللازِمُ الْمُخَفَّفُ الْحَرْفِيّ)

**س: ھەرپچە يەڭگىل ئىزچىل مەد دېگەن نىمە؟**

ج: ھەرپچە يەڭگىل ئىزچىل مەد بىر ھەرپتە مەد ھەرپىدىن كېيىن ئۇلاپ ئوقۇغاندىمۇ، توختاپ ئوقۇغاندىمۇ ئوخشاش ساكىن ئوقۇلىدىغان بىر ھەرپ كەلگەن چاغدىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۈردىكى ھەرپ بىر قىسىم قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ بېشىدا كېلىدىغان يەككە ھەرپلەر (حروف المقطعات ياكى حروف النورانية)نى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرپلەرنىڭ قۇرئاندىكى يېزىلىشى بىر ھەرپ بىلەن بولسىمۇ، ئۇلار قىرائەت ئۇستىدە ئۆزىنىڭ يەككە ھالىتىدە ئوقۇلۇشى(ھەرپ ئاتىقى) بويىچە ئۈچ ھەرپ بىلەن ئوقۇلىدۇ. يۇقارقى شەرت دەل مۇشۇ چاغدا بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن: ﴿الم- ألف لامّْيمْ﴾، ﴿حم - حا ميم﴾، ﴿طسم - طا سِينّْمِيمْ﴾، ﴿ألمر - ألف لامّيمْ را﴾، ﴿كهيعص- كاف ها يا عين صاد﴾.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ھەرپچە ئېغىر ئىزچىل مەد
## (الْمَدُّ اللَّازِمُ الْمُثَقَّلُ الْحَرْفِيُّ)

**س: ھەرپچە ئېغىر ئىزچىل مەد قاچان بولىدۇ؟**

ج: بىر ھەرپتە مەد ھەرپىدىن كېيىن ئۇلاپ ئوقۇغاندىمۇ، توختاپ ئوقۇغاندىمۇ ئوخشاشلا ساكىن ئوقۇلىدىغان بىر ھەرپ كەلگەن ۋە بۇ ھەرپ ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن تۇرداش بىر ھەرپكە ئىدغام قىلىنغان چاغدىكى مەدنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿الم﴾

بۇ مىسالدا ھەرپچە ئېغىر ئىزچىل مەد ۋە ھەرپچە يەڭگىل ئىزچىل مەدلەرنىڭ ئىككىلىسى بار. چۈنكى ئۇنى «ئەلىف لام مىم» دەپ ئوقۇغىنىمىزدا ئەلىفتىن كېيىنكى «لام» نىڭ بىر لام، بىر ئەلىف، بىر مىم بىلەن ئوقۇلۇشى ھەمدە بۇ مىمنىڭ كېيىنكى مىمغا ئىدغام قىلىنىشى بىلەن ھەرپچە ئېغىر ئىزچىل مەدنىڭ شەرتى ھازىرلانغان بولسا، ئاخىرىدىكى «م» نىڭ «مِيْم» دەپ بىر مىم، بىر يا ۋە بىر ساكىنلىق مىم بىلەن ئوقۇلۇشى بىلەن ھەرپچە يەڭگىل ئىزچىل مەدنىڭ شەرتى ھازىرلانغاندۇر.

بۇنىڭ ئېغىر دېيىلىشى مەد ئاساسى بولغان ئۈچ ھەرپنىڭ ئۈچىنچىسىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى ھەرپكە كىرىشتۇرۇپ، تەشدىدلىك ئوقۇلۇشى بىلەن تىلغا بەلگىلىك ئېغىرلىق پەيدا بولۇشىدىندۇر.

بۇ يەردە بايان قىلىنىۋاتقان ھەرپچە ئىزچىل مەدنىڭ ھەرقايىسى تۈرلىرى سۈرىلەرنىڭ باش تەرىپىدە كېلىدىغان يەككە ھەرپلەر (حروف المُقَطَّعات ياكى حروف النورانية) دىلا يۈز بېرىدۇ. بۇ ھەرپلەرنىڭ ھەممىسى تۆۋەندىكى 14 ھەرپتىن ئىبارەت: الصاد، اللام، الهاء، السين، الحاء، الياء، الراء، الميم، النون، القاف، الألف، الطاء، العين، الكاف.

بۇلارنى سۆزگە ئايلاندۇرۇپ، مۇنداق ئىپادىلەشمۇ مۇمكىن: «صَحَّ طَرِيقُكَ مع السُنَّة ياكى طَرَقَ سمْعَكَ النصيحة ».

بۇ ھەرپلەر مەد ھەرىكىتىدىكى ئۆز ئارا پەرقى بويىچە يەنە مۇنداق 2 تۈركۈم ۋە بىر تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. ئۈچ ھەرپتىن تۈزۈلۈپ، ئوتتۇرا ھەرپى مەد ھەرپى بولۇپ كېلىدىغان يەتتە ھەرپ: الكاف– الميم– اللام – النون– القاف – الصاد – السين. بۇلارنى سۆزگە ئايلاندۇرۇپ مۇنداق دېيىشمۇ مۇمكىن: «كَمْ عَسَلٍ نَقَصَ » بۇ يەتتە ھەرپ ئىزچىل مەدنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئالتە ھەرىكەت مىقدارىدا سوزۇپ ئوقۇلىدۇ.

بۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت «عين» تاۋۇشىنىڭ مەدلىك ئوقۇلۇشى باشقىلاردىن پەرقلەنگەن ھالدا ئىككى ھەرىكەت (القصر)، تۆت ھەرىكەت (التوسط) ، ئالتە ھەرىكەت (الطول) مىقدارلىرىدىن قايسىبىرىدە بولسا بولۇۋېرىدۇ. ئىمكانقەدەر ئالتە ھەرىكەت مىقدارىدا سوزۇپ ئوقۇغان ياخشىراق. بەزى ئەسەرلەردە «عين» تاۋۇشىنىڭ

مەدلىك ئوقۇلۇشى مۇستەقىل مەد ھادىسىسى سۈپىتىدە قارىلىپ «مدلازم حرفي ليني- يۇمشاق تاۋۇشلۇق ئىزچىل مد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

2. تەبئىي مەد ئۆلچىمى بويىچە ئىككى ھەرىكەت سوزۇپ ئوقۇلىدىغان بەش ھەرپ: «الحاء- الياء- الطاء- الهاء- الراء» بۇلارنىڭ سۆزلەشكەن ئىپادىسى: «حَيٌّ طَهِرَ».

بۇ بەش ھەرپ سۈرە باشىدا كەلگەن چاغدا «حا- يا- طا- ها- را» دەپ ئوقۇلىدۇ.

باشتىكى 14 ھەرپ ئىچىدە سانالغان «الألِف- ا» قا كەلسەك، ئۇ سۈرە باشلامىدا كەلسىمۇ مەد بىلەن ئوقۇلمايدۇ.

## ئۇلاق ھەمزە ۋە ئۈزۈك ھەمزە
## (هَمْزَةُ الَوصْلِ وَالْقَطْعِ)

**س: ئۇلاق ھەمزە ۋە ئۈزۈك ھەمزە دېگەن نېمە؟**

ج: قۇرئان كەرىمدىكى ھەمزىلەر ئۇلاق ھەمزە ۋە ئۈزۈك ھەمزە دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇلاق ھەمزە بولسا سۆزنى باشلىغاندا ئوقۇلىدىغان، ئالدىنقى سۆزنى ھەمزە كەلگەن سۆزگە ئۇلاپ ئوقۇغاندا ئوقۇلمايدىغان ھەمزىدۇر.

**س: ئۇلاق ھەمزە قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

ج: مۇنداق ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) ئىسىم سۆزلەردە باش ھەرپ بولۇپ كېلىدىغان ھەمزىلەر.

(2) پېئىل سۆزلەردە باش ھەرپ بولۇپ كېلىدىغان ھەمزىلەر.

قۇرئان كەرىمدىكى ئۇلاق ھەمزە بىلەن باشلىنىدىغان ئىسىملار مۇنداق 9 تۈرلۈكتۇر:

(1) بەش ھەرپلىك ئۆتكەن زامان پېئىلى ۋە پېئىل ئۆزەكى: ﴿وَحَرَّمُوا مَا رَزَقَهُمْ اللَّهُ افْتِرَاءً عَلَى اللَّهِ﴾

(2) ئالتە ھەرپلىك ئۆتكەن زامان پېئىلى ۋە پېئىل ئۆزەكى: ﴿اِسْتِكْبَارًا فِي الأَرْضِ وَمَكْرَ السَّيِّئِ﴾

(3) «إبن» دېگەن سۆز: ﴿إِنَّ ابْنِي مِنْ أَهْلِي﴾

(4) «إبنة» دېگەن سۆز : ﴿وَمَرْيَمَ ابْنَتَ عِمْرَانَ الَّتِي أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا﴾، ﴿أَنْ أُنكِحَكَ إِحْدَى ابْنَتَيَّ هَاتَيْنِ﴾

(5) «امرأ» دېگەن سۆز: ﴿مَا كَانَ أَبُوكِ امْرَأَ سَوْءٍ﴾، ﴿لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ مَا اكْتَسَبَ مِنْ الإِثْمِ﴾، ﴿إِنْ امْرُؤٌ هَلَكَ﴾

(6) «امرأة» دېگەن سۆز: ﴿وَإِنْ امْرَأَةٌ خَافَتْ مِنْ بَعْلِهَا نُشُوزًا﴾، ﴿فَرَجُلٌ وَامْرَأَتَانِ مِمَّنْ تَرْضَوْنَ مِنْ الشُّهَدَاءِ﴾

(7) «اثنين» دېگەن سۆز ﴿لاتَتَّخِذُوا إِلَهَيْنِ اثْنَيْنِ إِنَّمَا هُوَ إِلَهٌ وَاحِدٌ﴾، ﴿إِنَّ عِدَّةَ الشُّهُورِ عِنْدَ اللَّهِ اثْنَا عَشَرَ شَهْرًا فِي كِتَابِ اللَّهِ﴾

(8) «اسم» دېگەن سۆز: ﴿سَبِّحْ اسْمَ رَبِّكَ الأَعْلَى﴾

## پېئىل سۆزلەردە باش ھەرپ بولۇپ كېلىدىغان ھەمزىلەر

(1) بەش ھەرپلىك ئۆتكەن زامان پېئىلى:
﴿وَانطَلَقَ الْمَلأُ مِنْهُمْ﴾

(2) ئالتە ھەرپلىك ئۆتكەن زامان پېئىلى:
﴿إلا إِبْلِيسَ اسْتَكْبَرَ وَكَانَ مِنْ الْكَافِرِينَ﴾

(3) ئۈچ ھەرپلىك بۇيرۇق پېئىلى:
﴿وَاضْرِبْ لَهُمْ مَثَلاً رَجُلَيْنِ﴾

(4) ئۈچ ھەرپلىك بۇيرۇق پېئىلى:

﴿انطَلِقُوا إِلَى مَا كُنتُمْ بِهِ تُكَذِّبُونَ﴾

(5) بەش ھەرپلىك بۇيرۇق پېئىلى:

﴿اسْتَغْفِرْ لَهُمْ أَوْ لا تَسْتَغْفِرْ لَهُمْ﴾

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، كېلەر زامان پېئىلى ۋە ئۈچ ھەرپلىك ياكى تۆت ھەرپلىك پېئىللار ھەمدە بۇ تۆت ھەرپلىك پېئىللاردىن ياسالغان بۇيرۇق پېئىللاردا ئۇلاق ھەمزە بولمايدۇ.

**س: ئۇلاق ھەمزە بىلەن باشلانغان پېئىللار قانداق ئوقۇلىدۇ؟**

ج: ئۈچىنچى ھەرپى ئىزچىل پەش ئوقۇلىدىغان پېئىلدا كەلگەن ھەمزىنى چوقۇم ئۇلاق ھەمزە قىلىپ ئوقۇيمىز: ﴿فَمَنْ اضْطُرَّ غَيْرَ بَاغٍ وَلا عَادٍ﴾، ﴿ادْعُ إِلَى سَبِيلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ﴾

2) پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى زەبەر ياكى زىر ئوقۇلغان ھالەتتە ئوقۇلۇپ، ئۇلاق ھەمزە زىر ئوقۇلغان بولسا: ﴿اذْهَبْ إِلَي فِرْعَونَ إِنَّهُ طَغَى﴾، ﴿ارجع إليهم فلنأتينهم بجنود لا قبل لهم﴾

**ئەسكەرتمە:** بىز يۇقىرىدا ھەمزىسى پەش بىلەن باشلىنىدىغان پېئىلنىڭ شەرتىدە پېئىلنىڭ ئۈچىنچى ھەرپىنىڭ پەشىنى ئىزچىل پەش بولۇشى كېرەك دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىر قىسىم پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى ھەرپى قارىماققا پەشلىك كەلگەن بىلەن بۇ پەش ئۇ پېئىللارنىڭ بىرلىك شەكلىدە زىر بولغان بولىدۇ.

دىمەك، بۇ پېئىللارنىڭ ئۈچىنچى ھەرپىنىڭ پەشى تۆپكى پەش بولماستىن ئۈتكۈنچى پەش بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار يۇقارقى قائىدىنىڭ ئەكسىچە زىر بىلەن باشلىنىدۇ. مەسىلەن: ﴿ثُمَّ اقْضُوا إِلَيَّ وَلا تُنْظِرُونِ﴾ مىسالدىكى «اقْضُوا» نىڭ ئۈچىنچى ھەرپى گەرچە پەشلىك كەلگەن بولسىمۇ، بۇ پەش ئۇنىڭدىكى تۆپكى ھەرىكە ئەمەس. چۈنكى «اقْضُوا» پېئىلى بۇيەردە كۆپلۈك شەكلىدە كېلىپ پەشلىك ئوقۇلغان بىلەن ئۇنىڭ بىرلىك شەكلى بولغان «اِقْضِ» دىكى ئۈچىنچى ھەرپ زىر ئوقۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ۋە بۇنىڭدەك پېئىللارنىڭ پەش ئوقۇلغىنىغا قارىماي ئۇلىماي ئوقۇلغاندا زىر بىلەن باشلىنىدۇ.

**س: ئۇلاق ھەمزە بىلەن باشلىنىدىغان ھەرپلەر قايسىلار؟**

ج: ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1) قۇياش ياكى ئاي تاۋۇشى بىلەن باشلانغان ئىسىملارنى ئېنىقلاشتۇرۇپ كېلىدىغان «ال» (ئەلىف لام) مىسال: ﴿الْشَّمس والْقمر ، الأرض والسماء﴾.

2) ﴿اِيْمُ الله﴾ دېگەن قەسەم سۆزىدىكى «اِيْمُ» قەسەم ھەرپىنىڭ ئالدىدىكى ھەمزە. مۇشۇ سۆزدىكى ھەمزىدىن باشقا ھەرپ باشلامى بولۇپ كېلىدىغان ھەمزىلەرنىڭ ھەرقاندىقىنى زەبەر ئوقۇش ۋاجىب. يەنە بىر مۇھىم بەلگىلىمە شۇكى، سوراق ھەمزىسىدىن كېيىن ھەمزە كەلسە، ناۋادا ئۇ ھەمزىدىن كېيىن ئىنقلاشتۇرغۇچ لام

(لام التعريف) كەلسە، بۇ چاغدىكى ئۇلاق ھەمزىنى ھەرپ قىلىۋېتىش (ئوقۇم ۋە يېزىمىدىن بىراقلا قالدۇرۇۋېتىش) كېرەك. قۇرئان كەرىمدە ھەپسىنىڭ رىۋايىتى بويىچە يەتتە يەردە مۇشۇنداق قىلىنىدۇ.

1 . ﴿أأتخذتم - أتخذتم﴾، ﴿قُلْ أَتَّخَذْتُمْ﴾

2 . ﴿أأطلع - أطلع﴾، ﴿أطلع الغيب﴾

3 . ﴿أأفترى - أفترى﴾، ﴿أَفْتَرَى عَلَى اللَّهِ كَذِبًا﴾.

4 . ﴿أأصطفى- أصطفى﴾، ﴿أَصْطَفَى الْبَنَاتِ عَلَى الْبَنِينَ﴾

5 . ﴿أأتخذناهم - أتخذناهم﴾، ﴿أَتَّخَذْنَاهُمْ سِخْرِيًّا﴾

6. ﴿أأستكبرت - أستكبرت﴾، ﴿أَسْتَكْبَرْتَ أَمْ كُنتَ مِنَ الْعَالِينَ﴾

7. ﴿أأستغفرت - أستغفرت﴾، ﴿سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ أَسْتَغْفَرْتَ لَهُمْ﴾

## ئۇزۇك ھەمزە

**س: ئۇزۇك ھەمزە قانداق ھەمزە؟**

ج: ئۇ، باشلاپ ئوقۇغاندىمۇ ھەمدە سۆزنى ئالدىدىكى سۆزگە ئۇلىغاندىمۇ (تىنىق ۋە ئاۋازنى ئۈزمەي ئوقۇپ) ئوقۇلىدىغان ھەمزىدۇر. ئۇلاق ھەمزە ئادەتتە سۆزنىڭ ئەڭ بېشىدا، ئۈچ خىل ھەرىكە (تاق زەبەر، تاق زىر، تاق پەش ئوقۇلغۇلىرى) بىلەن ئوقۇلۇدۇر.

ئۇزۇك ھەمزە بولسا سۆز بېشىدا، سۆز ئوتتۇرىسىدا، سۆز ئايىغىدا كېلىپ، يۇقارقى ئۈچ خىل ھالەت ھەمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساكىنلىق ھالەتتە ئوقۇلىدۇ.

**مىساللار:**

| سۆز ئايغىدا كەلگەن ھالىتى | ئوتتۇرىدا كەلگەن ھالىتى | باشتا كەلگەن ھالىتى |
|---|---|---|
| لِمَنْ شَاءَ مِنْكُمْ أَنْ يَسْتَقِيمَ | بَلْ هُوَ قُرْآنٌ مَجِيدٌ | إِنَّا أَعْطَيْنَاكَ الْكَوْثَرَ |

ئۆزۈك ھەمزىنىڭ ئۇلاق ھەمزىدىن يەنە بىر پەرقلىق يېرى شۇكى، بۇ ھەمزە سوراق قوشۇمچىسىدىن كېيىن كەلسىمۇ ئۆز تەلەپپۇزى بىلەن ئوقۇلۇۋېرىدۇ. مەسىلەن: ﴿سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ ءَأَنْذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنْذِرْهُمْ﴾ . بىراق بۇ پىرىنسىپ ئىمام ھەپسىنىڭ ئىمام ئاسىمدىن رىۋايەت قىلىشى بويىچە قۇرئان كەرىمدىكى: ﴿لَوْلَا فُصِّلَتْ آيَاتُهُ ءَاعْجَمِيٌّ وَعَرَبِيٌّ﴾ دېگەن بۇ ئايەتتىكى «ءَاعْجَمِيٌّ» سۆزىنىڭ ئىككىنچى ھەمزىسىگە قوللىنىلمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ يەردىكى ھەمزە يوقنىڭ ئورنىدا، تولىمۇ يەڭگىل تەلەپپۇزدا تەسھىل(ھا بىلەن ھەمزە ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىش) قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

# توختاش ۋە باشلاش ھۆكۈملىرى
## (أَحْكَامُ الْوَقْفِ وَالْإِبْتِدَاءِ)

**س: توختاش (الوقف) دېگەن نېمە؟**

ج: (الوقف)نىڭ سۆز مەنىسى توختاش، جىم تۇرۇش، چەكلەش دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى قۇرئان ئوقۇش جەريانىدا ئوقۇۋاتقان مەلۇم بىر سۆزدىن كېيىنكى سۆزگە ئۆتمەي شۇ سۆزنىڭ ئاخىرىدا قىسقا ۋاقىت نەفەسنى ئۈزۈپ توختاشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ﴾ توختاپ نەفەس ئالغاندىن كېيىن ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ يەنە توختاپ نەفەس ئالغاندىن كېيىن ئاياغقا ئۆتۈش. مۇشۇنداق ئوقۇلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى ھەر بىر ئايەتتە توختاپ، نەفەس ئېلىپ ئوقۇيدىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتكە ئۇيغۇنلاشقىلى بولىدۇ. توختاپ ئوقۇش كۆپىنچە، ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىدا، ئايەتلەر ئارىسىدىكى بىر- بىرىدىن ئايرىم يېزىلغان سۆزلەر ئارىلىقىدىلا بولىدۇ. مەسىلەن: ﴿فَإِلَّمْ يَسْتَجِيبُوا لَكُمْ﴾ ئايەتتىكى «فالم يستجيبوا» گەرچە ئەسلىدە «فإن لم يستجيبوا» بولسىمۇ قۇرئاندا ئۇلاپ يېزىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا توختاشقا بولمايدۇ. ناۋادا بۇنداق ئورۇنلاردا چۈشكۈرۈك، يۆتەل، تىنىق يەتمەسلىكتەك سەۋەبلەردىن توختاپ سالغان تەقدىردە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يەنە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ ئوقۇلىدۇ.

**س: توختاشنىڭ دىنىي تۇرغۇدىكى ئورنى نېمە؟**

ج: قۇرئان كەرىمدە قۇرئان ئوقۇغۇچى ئادەم توختىماي كەتسە گۇناھكار بولىدىغان دەرىجىدە ۋاجىب تۇسىنى ئالغان ھەمدە توختاپ ئوقۇسا ھارام ئىشنى قىلغان بولىدىغان بىرەر ئورۇن يوق. بۇ جەھەتتە شەرىئەتنىڭ بىردىنبىر كۆرسەتمىسى شۇكى، ھەر بىر ئايەتنىڭ باش قىسمىدا توختاپ ئوقۇش سۈننەت، توختىماسلىق مەكرۇھ (يامان)دۇر. ئۇنىدىن باشقا جايلاردا ناۋادا توختاش سەۋەبلىك قۇرئاندىن ئەكسىچە مەزمۇن چىقىپ قالىدىغان ئىش بولمىسىلا، توختاش يوللۇقتۇر.

**س: توختاش قانچە تۈرلۈك بولىدۇ؟**

ج: ئومۇمىي جەھەتتىن تۆت بولۇپ، ئۇلار:

(1) ئەركىن توختاش (الوقف الاختياري)

(2) زورىغا توختاش (الوقف الاضطراري)

(3) زارىقىشلىق توختاش (الوقف الانتظاري)

(4) تەجرىبىلىك توختاش (الوقف الاختباري)

**س: ئەركىن توختاش دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ۋاقىتتا بارلىققا كېلىدۇ ۋە قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ؟**

ج: ھېچقانداق بىر شەرت ياكى سەۋەبكە دۇچ كەلمەستىن، ئۆزىچە توختاش ـ ئەركىن توختاش دېيىلىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1. تولۇق (الوقف التام)
2. يېتەرلىك (الوقف الكافى)
3. تېگىشلىك (الوقف اللازم)
4. چىرايلىق (الوقف الحسن)
5. قەبىھ (الوقف القبيح)

## تولۇق توختاش (الوقف التام)

**س: تولۇق توختاش دېگەن نېمە؟**

ج: قۇرئان ئوقۇغۇچى توختىماقچى بولغان بۆلەك ئۆزىنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان بۆلەكتىن سۆز ۋە مەنا جەھەتتىن تولۇق ئۈزۈلگەن بۆلەك بولسا، مانا شۇنداق بۆلەكتە توختاش تولۇق بولغان ئىختىيارى توختاش دېيىلىدۇ.

مەسىلەن: ﴿يوم الدين﴾ دەپ توختىغاندىن كېيىن ﴿اياك نعبد﴾ دىن باشلاپ ئايرىم ئوقۇش بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر.

تولۇق بولغان ئىختىيارى توختاش كۆپىنچە مۇنۇ بەش ئورۇندا بولىدۇ:

(1) ئايەت بېشىدا.

(2) سۈرە ئاياغلاشقاندا.

(3) ئوقۇلۇۋاتقان ئايەتتە مەلۇم بىر مەزمۇن تۈگىگەندە.

(4) رەھمەت ئايەتلىرى بىلەن غەزەب ئايەتلىرىنىڭ

ئارىسىدا.

(5) نىدا (چاقىرىش ئىماسى) ھەرپى، قەسەم ھەرپى، شەرت ھەرپلىرى بىلەن باشلىنىدىغان ئايەتلەرنىڭ ئالدىدا.

(6) بۇيرۇق ياكى توسۇق ئايەتلىرىنىڭ ئالدىدا.

(7) ئايەتنىڭ بايان شەكلى بىرىنچى شەخس(مۇتەكەللىم)لىك بايان شەكلىدىن ئىككىنچى شەخسلىك (مۇخاتەب)لىك بايان شەكلىگە ئۆتۈپ كەتكەن چاغدا.

## يېتەرلىك ئەركىن توختاش

(الوقف الكافي)

**س: يېتەرلىك ئەركىن توختاش دېگەن نېمە؟**

ج: بۇ، جۈملە ياكى كەلىمە ئۆزىنىڭ كەينىدىن كېلىدىغان كەلىمىدىن مەنە جەھەتتىن ئەمەس، سۆز جەھەتتىنلا ئۈزۈلگەن ئورۇندا توختاشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿اليوم احل لكم الطيبات﴾ دا توختاپ ئۇنىڭ كەينىدىكى ئايەتنى يېڭىدىن باشلاپ ئوقۇش بۇنىڭ تىپىك مىسالى. بۇ خىل توختاش ئادەتتە ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىدا كۆپ بولىدۇ.

## تىگىشلىك توختاش

(الوقف اللازم)

**س: تىگىشلىك توختاش دىگەن نىمە؟**

ج: قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئۆزىدىن كېيىنكى بۆلەك بىلەن سۆزدىمۇ ۋە مەزمۇندىمۇ باغلىنىشى بولمىغان ياكى مەزمۇن جەھەتتە باغلىنىشى بولمىسىمۇ سۆز جەھەتتىن باغلىنىشى بولغان ھەمدە ئاخىرىغا ئۇلاپ ئوقۇش ئەكسىچە ئۇنىڭ بىرىدىغاندەك ئويلاپ قىلىنىدىغان بىر بۆلەكتە توختاشنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ﴿وَاللّهُ لاَ يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾﴿سۈرە تەۋبىنىڭ 19 ـ ئايىتىدە﴾ دەپ توختىغاندىن كېيىن ﴿الَّذِينَ آمَنُواْ وَهَاجَرُواْ وَجَاهَدُواْ﴾ (تەۋبە سۈرىسىنىڭ 20 ـ ئايىتىدە) دىن باشلاپ ئوقۇپ كەتكەندەك. يەنە بىر مىسال ئالساق: ﴿لَّقَدْ كَفَرَ الَّذِينَ قَالُواْ إِنَّ اللّهَ ثَالِثُ ثَلاَثَةٍ﴾ (مائىدە سۈرىسىنىڭ 73 ـ ئايىتىدە) دەپ توختىغاندىن كېيىن ﴿وَمَا مِنْ إِلَـهٍ إِلاَّ إِلَـهٌ وَاحِدٌ﴾ (مائىدە سۈرىسىنىڭ 73 ـ ئايىتىدە) دىن باشلاپ ئوقۇپ كەتكەندەك. بۇنداق ئورۇنلارنى ئەرەب تىلىغا خەبەردار قۇرئانخانلارلا بايقىيالىغاندىن باشقا قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىدىمۇ بۇنداق يەرلەر«م» ھەرپ بەلگىسى بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## چىرايلىق بولغان ئەركىن توختاش

(الوقف الحسن الإختياري)

**س: چىرايلىق بولغان ئەركىن توختاش دېگەن نېمە؟**

توختىغان جۈملە تولۇق ئاياغلاشسا، لېكىن بۇ جۈملە كەينىدىكى كەلىمىگە سۆز ۋە مەنا جەھەتتە مۇناسىۋەتلىك جۈملە بولسا، بۇ چىرايلىق بولغان ئىختىيارى توختاش بولىدۇ. بۇ مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1) ئايەت بېشىدا توختاش.مەسىلەن: ﴿الْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ﴾ دەپ ئوقۇپ توختىغاندەك.

2) ئايەتنىڭ باش قىسمىدىن ئازراق ئوقۇپ توختاش:﴿الحمد لله﴾ دەپ توختاپ:﴿رب العلمين﴾ دىن باشلاپ ئوقۇغاندەك. ئەمما بۇ ئورۇندا ﴿الرحمن﴾ دىن باشلاپ ئوقۇش چىرايلىق توختاش بولمايدۇ. چۈنكى ﴿الرحمن﴾ ۋە ﴿رب﴾ بولسا **الله** نىڭ سۈپىتى. ئادەتتە ھەر قانداق يەردە سۈپەتلەنگۈچى ياكى سۈپەت ئىگىسىدىن ئايرىلماي كېلىدۇ، شۇنداقتىمۇ بۇنداق ئەھۋال يۇقارقىدەك، ئايەتنىڭ ئايىغىدا ئەمەس، ئايەتنىڭ باش قىسمىدا بولسا، توختاپ ئوقۇشقا بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇنىڭ ھەر بىر ئايەتنى ئۈزۈپ- ئۈزۈپ ئوقۇيدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ خىل توختاشتىكى تۈپ ھۆكۈم شۇكى،

ناۋادا سىز توختىغان كەلىمە ئايەت باشى بولمىسىلا داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش ئۈچۈن، سىز يەنە بايا توختىغان يەردىن باشلايسىز. يۇقارقى مىسالنى ئېلىپ ئېيتساق، قۇرئان ئوقۇغۇچى ناۋادا ﴿الحمد لله﴾ دا توختىغان بولسا، داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇغاندا ئۇنىڭ يەنە شۇ يەردىن باشلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇ، ئايەت باشىدا توختىغان. ﴿رب العلمين﴾ ده توختىغان چاغدا ئۇنىڭ ئاخىرىدىن باشلىغىلى بولماسلىقى توختىغان ﴿رب العلمين﴾ بۇ يەردە ئايەتنىڭ بېشى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇيەردە توختىغان يەرنىڭ ئۆزىدىن باشلاپ ئوقۇپ، ئاياغقا ئۆتۈلىدۇ.

## قەبىھ بولغان ئەركىن توختاش

(الوقف القبيح الإختياري)

**س: قەبىھ بولغان ئەركىن توختاش دېگەن نېمە؟**

ج: كەينىدىكى سۆز بىلەن سۆز ۋە مەنا جەھەتتىن باغلىنىشلىقى بولغانلىقتىن ئۆزى يالغۇزلا ئوقۇلسا، بىر پۈتۈن ئۇقۇم بېرەلمەيدىغان بىر سۆزدە توختاشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق توختاش ئومۇمەن مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

1) تولۇق بىر مەنانى ئۇقتۇرالمايدىغان سۆزدە توختاش. مەسىلەن: ﴿بسم الله﴾دىكى «بسم» ده توختاش، ﴿الحمد لله﴾ دىكى «الحمد»دا توختاش.

2) توختىغاندا الله نىڭ ئەسلىي مەقسىتىنىڭ تەتۈرسىچە ئۇقۇم چىقىپ قالىدىغان سۆزلەردە توختاش. مەسىلەن: ﴿ان الله لايهدي﴾ نىڭ ئاخىرىنى ئوقۇماي توختاش، ﴿فَوَيْلٌ لِّلْمُصَلِّينَ﴾ نىڭ ئاخىرىنى ئوقۇماي توختاشقا ئوخشاشلار.

3) توختىغاندا الله قا لايىق كەلمەيدىغان بىر خىل سەلبىي سۈپەت شەكىللىنىپ قالىدىغان سۆزلەردە توختاش. مەسىلەن: ﴿ان الله لايستَحِى﴾ دە توختاش، ﴿ان الله لايغفرُ﴾ دا توختاش.

بۇخىل توختاش پەقەت چۈشكۈرۈك، يۆتەل، نەپەس يېتىشتۈرەلمەسلىككە ئوخشاش ئىشلار تۈپەيلى توختاشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان چاغلاردىلا دۇرۇست بولىدۇ. بۇنداق چاغدا توختاپ قايتا ئوقۇغاندا، ئاخىرىدىن باشلىماي يەنە شۇ توختىغان يەردىن باشلاپ ئوقۇش كېرەك. خۇلاسە قىلىپ ئەيتقاندا، قۇرئان ئوقۇغۇچى ناۋادا باشلاش ۋە توختاش قائىدىلىرىنى ساۋات تەرزىدە بىلىپ كەتمەيدىغان ئادەم بولسا، ئۇ قۇرئاننىڭ ئۆزىگىمۇ يېزىپ قويۇلىدىغان بىر قاتار بەلگىلەرگە دىققەت قىلىش بىلەن بىرگە، تۆۋەندىكى باغلىغۇچى قوشۇمچىلار كەلگەن جايلاردا توختاپ، ئارقىدىن يەنە شۇ باغلىغۇچىلاردىن باشلاپ ئوقۇپ كەتسىمۇ بولىدۇ. ئۇلار: ﴿وَ، أ، ثُمَّ، بَلْ، وَلكِنَّ، اَوْ﴾ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

# زورغا توختاش

(الوقف الاضطراري)

**س: زورغا توختاش دېگەن نېمە؟**

ج: نەپەس سىقىلىش، ئاۋاز يەتمەسلىك، بەك ئۇزۇن ئوقۇغانلىقتىن ھېرىپ كېتىش، ئوقۇشتىن ئاجىز كېلىش، ئۇنتۇپ قېلىشقا ئوخشاش مەلۇم ئاجىزلىق ۋە زۆرۈر ئېھتىياج تۈپەيلىدىن توختاش زورغا توختاش دېيىلىدۇ.

بۇ خىل توختاش ـ توختاشقا بولمايدىغان جايلاردا توختاشقا مەجبۇر بولغاندىلا كۆرىلىدۇ.

بۇنداق ۋاقىتتا قۇرئان ئوقۇغۇچى توختاپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن، كەلگەن يېرىدىن باشلاپ ئوقۇشقا ياكى بولمىسا ئالدىنقى بۆلەكتىن باشلاپ ئوقۇشقا بولىدۇ. بۇنداق ئىش كۆپرەك ئايەتنىڭ ئوتتىسىدا كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## زارىقىشلىق توختاش

(الوقف الانتظاري)

**س: زارىقىشلىق توختاش دېگەن نېمە؟**

ج: قارى (قۇرئان ئوقۇغۇچى) قۇرئاننى بىرلا چاغدا بىر نەچچە خىل قىرائەت شەكلى بىلەن ئوقۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى سېلىشتۇرماقچى بولۇپ توختىغاننى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق چاغدا توختىغاندا، قەيەردىن داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش ئەلبەتتە توختىغان جاينىڭ خاراكتېرىگە قاراپ بولىدۇ.

## تەجرىبىلىك توختاش

(الوقف الاختباري)

**س: تەجرىبىلىك توختاش دېگەن نېمە؟**

ج: بۇ، كۆپىنچە باشقىلارغا قىرائەت ئۆگىتىش جەريانىدا قۇرئاندىكى ھەرپلەرنىڭ ئۇلاق ۋە ئۈزۈك ھالەتتە يېزىلىشى، ئايرىم ھەرپلەرنىڭ قۇرئانغا يېزىلىش ياكى قالدۇرۇۋېتىلىش ئەھۋالى دېگەندەك بىر قىسىم چۈشەنچە بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان نۇقتىلارنى باشقىلارغا بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تەجرىبە قىرائەتتى قىلىش تۈپەيلى توختاشقا تېگىشلىك بولمىغان جايلاردا

توختاشنى كۆرسىتىدۇ. يۇقارقى تۆت خىل توختاشنىڭ ھەر قاندىقىدا قۇرئان ئوقۇغۇچى قەيەردە توختىغان بولسا، شۇ يەردىن ياكى ئۇنىڭ ئالدىدىكى مەنا جەھەتتىن مۇناسىپ كېلىدىغان بىربۆلەكتىن باشلاپ، داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇشى كېرەك.

**س: كەلىمىلەرنىڭ ئاخىرىدا توختاش قانچە خىل بولىدۇ؟**

ج: قۇرئان كەرىمدىكى ھەرقانداق بىر سۆزنىڭ ئاخىرى ئەگەر ساكىن بولسا، بۇنىڭغا گەپ يوق. ئەگەر ھەرىكەتلىك بولسا، ئۇنىڭدا توختاشنىڭ يولى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك:

1) پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ توختاش (الإسْكانُ الْمَحْضُ)

2) ھەرىكەتنى تۆۋەنلىتىپ توختاش(الرَّوْم)

1) لەۋ ئۇچلاپ توختاش (الإشْمام)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ توختاش

(الإسكان المحض)

**س: پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ توختاش دېگەن نېمە؟**

ج: كەلىمىنىڭ ئاخىرىدىكى ھەرىكەتنى پۈتۈنلەي يوقىتىش- پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ توختاش بولىدۇ.

**س: قانداق جايدا پۈتۈنلەي ساكىن قىلىپ توختىلىدۇ؟**

ج: مۇنداق 5 جايدا:

1) ئايىغى قوش پەشلىك ياكى قوش زىرلىك سۆزلەردە توختىغاندا، ئۇلارنىڭ قوش پەش، قوش زىرلىرى ساكىن ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن: ﴿شُهُودٌ﴾، ﴿بِعَادٍ﴾

2) ئاخىرى قوش زەبەرلىك سۆزلەردە توختىماقچى بولغاندا، تەنۋىننى ئەلىفقا ئالماشتۇرۇپ ئوقۇلىدۇ: مەسىلەن: ﴿عَذابًا أليماً﴾ ، ﴿غفوراً رحيماً﴾

**ئەسكەرتمە:**

ئايىغى تاق پەشلىك كەلگەن سۆزلەردە توختىغاندا، توختىماقچى بولغاندا تاۋۇش نوقۇل ساكىن ئوقۇلىشىمۇ ياكى رەۋم ۋە ياكى ئىشمام بىلەن ئوقۇلىشىمۇ بولىدۇ.

3) ئاخىرىدا تۈگۈنچەك تا (ئۇلاپ ۋە ئۈزۈپ يېزىلىدىغان ئىككىلىسى) «ة» كەلگەن سۆزلەردە توختىماقچى بولغاندا، بۇ «ة» نى ساكىنلىق «ھا»

ئوقۇپ توختىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿خاطئة﴾، ﴿حامية﴾، ﴿كاذبة﴾

ئەگەر سۆزنىڭ ئاخىرى ھەرىكەتلىك ئوقۇلغان ئۇزۇنچاق «ت» بولسا، ئۇنى ساكىن ئوقۇپ توختىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿أنعمتَ﴾ — (أَنْعَمْتْ)

4) ئىككىنچى شەخس ۋە ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك ئالماش- «كُمْ»، «هِمْ»لارنىڭ مىمى ھەر قاچان نوقۇل ساكىن ئوقۇپ توختىلىدۇ.

5) ھەرىكىتى عارِضِي (ئۆتكۈنچى) بولغان سۆزلەردە توختىماقچى بولغاندا، ئۇنداق سۆزلەرنىڭ ئۆتكۈنچى(ئەسلىدە يوق، كېيىن پەيدا بولغان، دېمەكچى) ھەرىكىتىنى تولۇق ساكىن ئوقۇپ توختىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿قَالَتِ امرَأَتُ العَزِيز﴾، ﴿كُتِبَ عَلَيكُمُ القِتَالُ﴾

## ھەرىكەتنى تۆۋەنلىتىپ توختاش
## (الرَّوْمُ)

**س: ھەرىكەتنى تۆۋەنلىتىپ توختاش دېگەن نېمە؟**

ج: (الرَّوْمُ)نىڭ سۆز مەنىسى كۆزلەش، كۆڭلىگە پۈكۈش، ئىستەكلەش دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى توختىماقچى بولغان تاۋۇشنىڭ ھەرىكىتىنى يېقىندىكى ئادەم ئاڭلىيالىسىمۇ، يىراقتىكى ئادەم ئاڭلىيالمىغۇدەك ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، يەڭگىل دەرىجىدە ئىزھار قىلىپ ئوقۇپ، توختاشتۇر. مۆلچەر بويىچە ھەرىكەتنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى اظهار قىلىنسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. بۇنداق توختاش ئادەتتە ئايىغى تاق پەش، قوش پەش، تاق زىر، قوش زىرلىك كەلگەن سۆزلەردىلا بولىدۇ. زەبەردە بولمايدۇ. مەسىلەن: ﴿شُهُودٌ﴾، ﴿بِعَادٍ﴾

بۇنداق ئوقۇش جەريانىدا ئاۋازنىڭ بويى تەبىئىي مەدنىڭ ئۆلچىمى بويىچە قىسقا مەد (قَصْر- ئىككى ھەرىكەت ئاۋاز بويى) ئۆلچىمىدە بولىدۇ. قوش پەش، قوش زىرلىك سۆزلەردىكى تەنۋىن تاشلىنىۋېتىلىدۇ.

**س: قانداق چاغدا رەۋم بىلەن ئوقۇشقا بولمايدۇ؟**

ج: تۆۋەندىكى ئۈچ خىل ئەھۋالدا رەۋم بىلەن ئوقۇشقا بولمايدۇ:

1. ئايىغى زەبەرلىك كەلگەن سۆزلەردە. مەسىلەن: ﴿الْمُؤْمِنُونَ﴾، ﴿الْعَلَمِينَ﴾، ﴿الصِّرَاطَ﴾

2. ئايىغىدىكى ھەرپ ئۇلاپ ئوقۇغاندا زىر ياكى پەش ھەرىكىتى بىلەن ئوقۇلىسىمۇ، ئەسلىي ئوقۇلۇشىدا زىر ياكى پەشلىك ئوقۇلمايدىغان سۆزلەردە. مەسىلەن:
﴿قَالَتِ امرَأَتُ العَزِيزِ﴾، ﴿كُتِبَ عَلَيكُمُ القِتَالُ﴾

3. مۇئەننەسىنىڭ ئىككى خىل تاسىغا رەۋم ياكى ئىشمامدىن ھېچقايسىسى قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن: ﴿إِذَا وَقَعَتِ الوَاقِعَةُ﴾، ﴿لَيسَ لِوَقعَتِهَا كَاذِبَةٌ﴾

## لەۋ ئۈچلاپ توختاش (الإشْمام)

**س: لەۋ ئۈچلاپ توختاش دېگەن نېمە؟**

ج: (الإشْمام)نىڭ سۆز مەنىسى پۇرۇتۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئاتالغۇلۇق مەنىسى قۇرئان ئوقۇغۇچى توختاش سەۋەبلىك ساكىن ئوقۇشقا توغرا كەلگەن بىر تاۋۇشنى ساكىنلاشتۇرغاندىن كېيىنلا ئېغىزنى خۇددى پەش ھەرىكىتىنى ئورۇنداۋاتقان تۇسكە كەلتۈرۈپ، يىقىندىن قارىغان ئادەمگە بىلىنگۈدەك دەرىجىدە ئىككى لەۋنى جۈپلىمەستىن قورۇپ، ئۈچلاپ تۇرۇپ توختىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ. قىرائەتنى ئاڭلاۋاتقۇچى قارىغۇ ئادەم بولسا، بۇ ھەرىكەتنى بىلەلمەيدۇ. بۇ خىل توختاش پەقەت ئايىغى تاق پەش ۋە قوش پەشلىك كەلگەن سۆزلەردىلا بولىدۇ: ﴿إِيَّاكَ نَستَعِينُ﴾، ﴿عَلَيهَا قُعُودٌ﴾

**س: قانداق يەرلەردە ئىشمام قىلىنىدۇ؟**

ج: ساكىنغا باغلىق مەد شەكىللەنگەن ھەر قانداق بىرسۆزدە (ناۋادا ئۇ، ئاخىرى ئەسلىدىنلا پەش ئوقۇلغان سۆز بولسا) ئىشمام بىلەن توختاشقا بولىدۇ.

**قوشۇمچە:**

ئاخىرى تەشدىدلىك ئوقۇلغان سۆزلەردە توختىغاندا قانداق قىلىنىدۇ؟

تەلەپپۇزىدا غۇننە بولمىغان(يەنى نون ۋە مىمدىن باشقا) تەشدىدلىك تاۋۇشلاردا رەۋم ياكى ئىشمام

شەكلىدە توختىغاندا تەشدىد ئۆز ھالىتىدە قالدۇرۇلىدۇ. يەنە شۇنداقلا تەشدىدلىك ئوقۇلغان تەۋرەتمە تاۋۇشلار (قلقلة تاۋۇشلىرى) دا توختىغاندىمۇ تاۋۇش نىسبەتەن كۈچلۈكراق تەۋرىتىپ ئوقۇلىدۇ. مەسىلەن ﴿تَبَّتْ يَدَا أَبِي لَهَبٍ وَتَبَّ﴾. ئەكسىچە، نوقۇل ساكىن قىلىپ توختىغاندا، توختىلىدىغان تاۋۇش تەۋرەتمە تاۋۇش بولمىسىلا تەشدىد ساكىن قىلىپلا تېز توختىلىدۇ. مەسىلەن: ﴿يَقُولُ الْإِنسَانُ يَوْمَئِذٍ أَيْنَ الْمَفَرُّ﴾، ﴿فَإِن لَّمْ يُصِبْهَا وَابِلٌ فَطَلٌّ﴾، ﴿فَاذْكُرُوا اسْمَ اللَّهِ عَلَيْهَا صَوَافَّ﴾. تەشدىد ئوقۇلغاندا غۇننىلىشىدىغان نون ۋە مىم تاۋۇشلىرىدا توختىغاندا توختاش سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستىراق بولىدۇ. مەسىلەن:

﴿ثُمَّ أَنزَلَ عَلَيْكُم مِّن بَعْدِ الْغَمِّ﴾، ﴿وَلَا جَانٌّ﴾

دىققەت قىلارلىق يەنە بىر ئەھۋال شۇكى، تەشدىدلىك ئوقۇلغان ۋاۋ ياكى يا تاۋۇشىدا توختىغاندا، ئۇلارنىڭ تەشدىدلىك ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تاۋۇشىنى چىڭراق تەلەپپۇز قىلىپ، تەشدىدگە بىلىنەرلىك ئۇن بېرىپ توختاپ، مەد شەكىللىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. مەسىلەن: ﴿وَقُلْنَا اهْبِطُواْ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ﴾(بەقەرە سۈرىسىنىڭ 36 ـ ئايىتىدە)، ﴿وَكَأَيِّن مِّن نَّبِيٍّ﴾ (ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 146 ـ ئايىتىدە).

## باشلاش (الإبتداء)

**س: باشلاش توغرىسىدا قانداق بەلگىلىمە بار؟**

ج: قىرائەت جەريانىدا توختايدىغان نۇقتىلارنىڭ ئىنىق قائىدىلىرى بولغىنىدەك، باشلايدىغان نۇقتىلارنىڭمۇ بەلگىلىك قائىدە- قانۇنىيىتى بولىدۇ. بۇلارغا ئەمەل قىلىش- قىلماسلىق قىرائەت سۈپىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدا توختاشنىڭ قەبىھ ۋە چىرايلىق تۈرى بولىدىغانلىقى سۆزلەندى. خۇددى شۇنىڭدەك باشلاشمۇ چىرايلىق باشلاش ۋە قەبىھ باشلاش، دەپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئومۇمەن تۆۋەندە ئىپتىلغان نۇقتىلار بويىچە باشلاش چىرايلىق باشلاش بولسا، ئۇلارنىڭ ئەكسىچە بولغىنى قەبىھ باشلاش بولىدۇ.

1) سوراق قوشۇمچىسى كەلگەن جايلاردىن باشلاش.

2) قەسەم لامى ياكى شەرت قوشۇمچىسى كەلگەن جايلاردىن باشلاش.

3) بولۇشسىز پېئىل ياكى بولۇشسىز بۇيرۇق پېئىل كەلگەن يەرلەردىن باشلاش.

4) پېئىل ياكى چاقىرش ئىماسى(نىدا ھەرپى) كەلگەن يەرلەردىن باشلاش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## توختىتىلىپ ئوقۇش (السَّكْتَةُ)

**س: توختىتىلىپ ئوقۇش دېگەن نېمە؟**

ج: بۇ، قۇرئاندىكى بەلگىلىك جايلارغا كەلگەندە توساتتىن ئاۋازنى ئۈزۈپ، تىنىق ئالماي ئىككى ھەرىكەت مىقدارى توختىتىلىپ، ئاندىن داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**س: قۇرئان كەرىمدە نەچچە يەردە توختىتىلىپ ئوقۇلىدۇ؟**

ج: تۆۋەندىكى تۆت ئورۇندا: ﴿مرقدنا﴾– ﴿مَنْ بَعَثَنَا مِنْ مَرْقَدِنَا هَذَا مَا وَعَدَ الرَّحْمَانُ﴾ (ياسىن سۈرىسىنىڭ 52 ـ ئايىتىدە)

﴿من راق﴾ – ﴿وَقِيلَ مَنْ رَاقٍ﴾ (قىيامەت سۈرىسىنىڭ 27 ـ ئايىتىدە)

﴿عوجا﴾ – ﴿وَلَمْ يَجْعَلْ لَهُ عِوَجًا﴾ (كەھف سۈرەسىنىڭ 1 ـ ئايىتىدە)

﴿بل ران﴾ - ﴿كَلا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ﴾ (مۇتەففىفىن سۈرىسىنىڭ 14 ـ ئايىتىدە)

## كېرەك ئەسكەرتمىلەر

قۇرئان كەرىمدە ئاندا ـ ساندا ئۇچراپ قالىدىغان، قائىدىگە بېقىنمايدىغان بىر بۆلۈك ئەھۋاللار بار. تۆۋەندە شۇنداق ئەھۋاللار توغرىسىدا بىر قۇر ئۇچۇر بېرىپ ئۆتىمىز.

1. سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا كېلىپ توختىغاندا ئوقۇلۇپ، ئۇلاپ ئوقۇغاندا چۈشۈپ قالىدىغان ئەلىف. بۇنداق ئەلىف تۆۋەندىكى يەتتە ئورۇندا ئۇچرايدۇ:

﴿لَكِنَّا هُوَ اللَّهُ رَبِّي﴾ (كەھف سۈرىسىنىڭ 37 ـ ئايىتىدە)

﴿كَانَتْ قَوَارِيرَا﴾ (ئىنسان سۈرىسىنىڭ 15 ـ ئايىتىدە)

﴿إِنَّا أَعْتَدْنَا لِلكَفِرِيْنَ سَلَاسِلاَ وَ أَغْلالاً﴾ (ئىنسان سۈرىسىنىڭ 4 ـ ئايەتىدە)

﴿وَتَظُنُّونَ بِاللَّهِ الظُّنُونَا﴾ (ئەهزاب سۈرىسىنىڭ 10 ـ ئايىتىدە)

﴿وَأَطَعْنَا الرَّسُولَا﴾ (ئەهزاب سۈرىسىنىڭ 66 ـ ئايىتىدە)

﴿فَأَضَلُّونَا السَّبِيلَا﴾ (ئەهزاب سۈرىسىنىڭ 67 ـ ئايىتىدە)

﴿أنا﴾ (كۆپ يەردە ئۇچرايدۇ)

بــۇ مــــساللاردىكى ﴿لَكِنَّـا﴾، ﴿قَـوَارِيرَا﴾، ﴿سَلَاسِـلَا﴾، ﴿الظُّنُونَـا﴾، ﴿الرَّسُـولَا﴾، ﴿السَّبِيلَا﴾ قاتـارلىق سـۆزلەرنىڭ ئاخىرىـدىكى ئـەلىف ئەنـە شـۇنداق ئەلىفتـۇر. ئـۇلاردىن پـەقەت ﴿قَـوَارِيرَا﴾ نىـڭ ئـەلىفىلا ئـۇلاپ ئوقۇغاندىمـۇ يەڭگىلرەك ئوقۇلىـدۇ، ئـەمما يۇقارقى ﴿قَوَارِيرَا﴾ كـيـىن 16 ـ ئايـەتنىڭ باش تەرىپىدە كېلىـدىغان ﴿قَوَارِيرَا﴾نىـڭ ئەلىفى هەر قانداق هالدا ئوقۇلمايدۇ.

2. يېزىقتـــا بولــــسىمۇ، ئـــۇلاپ ئوقۇغاندىمـــۇ، توختىغاندىمۇ ئوقۇلمايدىغان ئەلىف. ئۇ مۇنۇ تۆت يەردە تەكرار كەلگەن﴿ثَمُوداْ﴾ سۆزىدىكى ئەلىفتۇر:

﴿أَلاَ إِنَّ ثَمُـوداْ كَفَـرُواْ رَبَّهُـم﴾(هــۇد سۈرىــسىنىڭ 68 ـ ئايىتىدە)

﴿وَثَمُوداْ وَأَصْحَابَ الرَّس﴾ (فـۇرقان سۈرىـسىنىڭ 38 ـ ئايىتىدە)

﴿وَعَـاداً وَثَمُـوداْ وَقَـد﴾ (ئەنكەبـۇت سۈرىــسىنىڭ 38 ـ ئايىتىدە)

﴿وَثَمُوداْ فَمَا أَبْقَى﴾ (نەجم سۈرىسىنىڭ 51 ـ ئايىتىدە)

3. ﴿إِنَّـا أَعْتَـدْنَا لِلْكَـافِرِينَ سَلَاسِـلَا وَأَغْـلَالاً﴾ (ئىنــسان سۈرىسىنىڭ 4 ـ ئايىتىدە)دىكى﴿سَلَاسِلَا﴾ دا توختىغاندا، ﴿سلاسلا﴾ دەپ ئـەلىفنى ئوقـۇپ توختاشـقىمۇ يـاكى ﴿سلاسل﴾ دەپ ساكىن قىلىپ توختاشقىمۇ بولىدۇ.

4. تۆۋەنـدىكى ئايەتتـە ئـۈچ يـەردە كەلـگەن «ض»

تاۋۇشنى زەبەر ياكى پەش بىلەن ئوقۇشقا بولىدۇ: ﴿اللَّهُ الَّذِي خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِن بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفاً وَشَيْبَةً﴾ (رۇم سۈرىسىنىڭ 54 ـ ئايىتىدە)

5. ﴿وَيَخْلُدْ فِيهِ مُهَانا﴾ (فۇرقان سۈرىسىنىڭ 69 ـ ئايىتىدە) دىكى ﴿فِيهِ﴾ نىڭ ھاسى قائىدىگە خىلاپ ھالدا تەبئىي مەد ئۆلچىمى بويىچە ئىككى ھەرىكەت مىقدارى سوزۇلىدۇ.

6. بۇ ئىككى يەردىكى «ص» ھەرپى «س» ئوقۇلىدۇ:

﴿والله يَقْبِضُ وَيَبْصُطُ﴾ (بەقەرە سۈرىسىنىڭ 245 ـ ئايىتىدە)،

﴿فِي الْخَلْقِ بَصْطَةً﴾ (ئەئراف سۈرىسىنىڭ 69ـ ئايىتى بىلەن بەقەرە سۈرىسىنىڭ 247 ـ ئايىتىدە).

7. ﴿الْمُصَيْطِرونَ﴾ (تۇر سۈرىسىنىڭ 37 ـ ئايىتىدە) سۆزىدىكى «ص» تاۋۇشى «س» ياكى «ص» ئوقۇلىدۇ. ئەمما ﴿بِمُصَيْطِرٍ﴾ (غاشىيە سۈرىسىنىڭ 22 ـ ئايىتىدە) دىكى «ص» ئۆز پېتى ئوقۇلىدۇ.

8. ﴿مَا لَكَ لاَ تَأْمَنَّا عَلَى يُوسُفَ﴾ (يۇسۇپ سۈرەسىنىڭ 11 ـ ئايىتىدە)دىكى «ن» ھەرپى ئىشماملىق ئوقۇلىدۇ. يەنى ئۈنى تەلەپپۇز قىلغاندا ئىككى لەۋنى قورۇشتۇرۇپ، پەش ئوقۇۋاتقاندەك بىر ھالەت پەيدا قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

9. تۆۋەندىكى تۆت مەد ئورنىدا كەلگەن ئىككىنچى ھەمزىنى تەسھىل (ھەمزە بىلەن ھا ئارىسىدا تەلەپپۇز قىلىش) بىلەن ئوقۇلىدۇ.

﴿أَأَعْجَمِيٌّ﴾ (فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ 44 ـ ئايىتىدە)

﴿آللَّهُ﴾ (نەمل ۋە يۇنۇس سۈرىلىرىنىڭ 59 ـ ئايىتىدە)

﴿آلآنَ﴾ (يۇنۇس سۈرىسىنىڭ 51 ـ ۋە 91 ـ ئايەتلىرىدە)

﴿قُلْ آلذَّكَرَيْنِ﴾ (ئەنئام سۈرىسىنىڭ 144 ـ ۋە 143 ـ ئايەتلىرىدە)

10. ﴿لَئِن بَسَطْتَّ﴾ (مائىدە سۈرىسىنىڭ 28 ـ ئايىتىدە)،

﴿أَحَطْتُّ﴾ (نەمل سۈرىسىنىڭ 22 ـ ئايىتىدە)،

﴿مافَرَّطْتُّمْ﴾ (يۇسۇپ سۈرىسىنىڭ 80 ـ ئايىتىدە)،

﴿مافرطْتُّ﴾ (زۇمەر سۈرىسىنىڭ 56 ـ ئايىتىدە) قاتارلىق تۆت جايدا ئىدغام تولۇق بولمايدۇ. يەنى «طاء» تاۋۇشى «تاء» تاۋۇشىغا كىرىشتۈرۈپ ئوقۇلسىمۇ ، يەنىلا «طاء» تاۋۇشىنىڭ تەلەپپۇز سۈپىتى تولۇق ساقلاپ قېلىنىش بىلەن بىرگە قەلقەلە قىلماستىن ئېغىزنى توشتۇرۇپ كۆتۈرەڭگۈ ھالدا تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

11. ﴿أَلَمْ نَخْلُقكُّم مِّن مَّاء مَّهِينٍ﴾( مۇرسەلات سۈرىسىنىڭ 20 ـ ئايىتىدە) دا «ق» نى «ك»غا

تولۇق ئىدغام قىلىپ ﴿الم نخلككم﴾ دەپ ئوقۇشقىمۇ، ياكى ئىدغام قىلماي ئىزھارغا ئوخشىتىپراق ئوقۇپ كېتىشكىمۇ بولىدۇ.

12. ﴿فَمَا آتَانِيَ اللَّهُ خَيْرٌ مِّمَّا آتَاكُم﴾ (نەمل سۈرىسىنىڭ 36 ـ ئايىتىدە) دىكى «ن» غا ﴿فماآتانْ﴾ دەپ ۋەقف قىلساقمۇ ياكى «فماآتانِى» دەپ «ياء» نى ساكىنلاشتۇرۇپ توختىساقمۇ بولىدۇ.

13. ﴿وَإِن تَشْكُرُوا يَرْضَهُ لَكُمْ﴾ (زۇمەر سۈرىسىنىڭ 7 ـ ئايىتىدە)

﴿مَا نَفْقَهُ كَثِيراً مِّمَّا تَقُول﴾ (ھۇد سۈرىسىنىڭ 91 ـ ئايىتىدە)

﴿كَلَّا لَئِن لَّمْ يَنتَهِ﴾ (ئەلەق سۈرىسىنىڭ 15 ـ ئايىتىدە)

﴿فِيهَا فَوَاكِهُ كَثِيرَةٌ﴾ (مۇئمىنون سۈرىسىنىڭ 19 ـ ئايىتىدە) قاتارلىق تۆرت يەردىكى «ھاء» تاۋۇشى ئالماش ئەمەس بەلكى شۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلى ھەرپلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار مەد قىلماي ئوقۇلىدۇ.

14. ﴿وتوبوا إلى الله جميعاً أَيُّهَ الْمُؤمِنُون﴾ (نۇر سۈرىسىنىڭ 31 ـ ئايىتىدە)

﴿ وَقَالُواْ يَآ أَيُّهَ السَّاحِرُ﴾ (زۇخرۇف سۈرىسىنىڭ 49 ـ ئايىتىدە)

﴿ سَنَفرُغُ لَكَم أَيُّهَ الثَّقَلان﴾ (رەھمان سۈرىسىنىڭ 31 ـ ئايىتىدە) قاتارلىق 3 جايدىكى «ھا» دا توختىغاندا

«ھا»نىڭ ئەلىفى ئوقۇلماي زەبەردە توختىلىدۇ. باشقا جايلاردىكى «ھا» دا ئەلىفتە توختىلىدۇ.

15. ﴿ماليه ۞ هلك﴾ (ھاققە سۈرىسى 28-ئايەت بىلەن 29- ئايەتنىڭ چېگرىسى) دە ئالدىنقى «ھا»نى كېيىنكى «ھا»غا ئىدغام قىلىپ ئوقۇشقىمۇ، ياكى ئالدىنقى «ھا» دا سەكتە قىلىپ، ئىزھار بىلەن ئوقۇشقىمۇ بولىدۇ.

16. ﴿ بِئسَ الاسمُ الفُسُوقُ﴾ (ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ 11- ئايىتىدە) دىكى «بِئسَ»نى «الاسمُ» غا ئۇلاپ ئوقۇغاندا «الاسمُ» نىڭ لامىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى ئۇلاق ھەمزىنىڭ ئىككىلىسى تەلەپپۇزدىن قالدۇرۇلۇپ، لامدىن كېيىنكى ھەمزىنىڭ زىر ھەرىكىتى لامغا بېرىلىپ، (بئسَ لِسمُ الفُسُوْقُ) دەپ ئوقۇلىدۇ. ناۋادا «بِئسَ» دە توختاپ، «الاسمُ» دىن باشلاپ ئوقۇساق، «الاسمُ»نىڭ ئەلىفى ساقلاپ قىلىنىپ ياكى تاشلىۋېتىلىپ، ( أَلِسْم الفسوق) ( لِسْمُ الفسوق) دەپ ئوقۇلىدۇ.

17. ئاخىرى مەد ھەرپىلىك كەلگەن بىر سۆز ساكىن ھەرپ بىلەن باشلانغان يەنە بىر سۆزگە ئۇلاپ ئوقۇلغاندا چوقۇم ئالدىنقى سۆزدىكى مەد ھەرپى تەلەپپۇزدىن قالدۇرۇلۇشى كېرەك.

مىساللار:

﴿والمُقِيمِى الصَّلوة﴾ (والمقيمِ الصلاة).
﴿مُحِلّى الصَّيد﴾ (مُحِلِّ الصّيد) .
﴿ءَامَنُوا اتقُوا الله﴾ (آمنُ اتقُوا الله) .
﴿ إهدِنا الصّراطَ﴾ ( اهدنَ الصِّراط ) .
﴿وَقالا الحَمدُلله﴾ ( وقالَ الحمدلله ) .

18. ﴿عِوَجًا﴾ ۋە ﴿ مَرْقَدِنَا﴾ لاردا باشتا دېيىلگەندەك سەكتە قىلىپ ئوقۇش بىلەن بىرگە، ﴿عِوَجًا﴾ ئايەت بېشىدا كەلگەنلىكى ۋە ﴿مَرْقَدِنَا﴾ شۇ ئورۇندا كافىرلارنىڭ سۆزىدىن كېيىن كەلگەنلىكى سەۋەبلىك بۇ ئىككى سۆز تولۇق توختاش نوقتىسى سۈپىتىدە قارىلىپ، ئۇلاردا توختاپ ئوقۇلسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ﴿مَنْ رَاقٍ﴾ ۋە ﴿بَلْ رَانَ﴾ لەر توختاش نوقتىسى سۈپىتىگە ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن بۇلار ھەر قاچان سەكتە قىلىپ ئوقۇلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قۇرئان كەرىمنىڭ بىرلىكلەر بويىچە بۆلۈنۈشى

قۇرئانشۇناسلار قۇرئاننى بۆلەكلەرگە بۆلۈشتە ھەر خىل بىرلىكلەرنى ئىشلەتكەن. بۇ بىرلىكلەر سۈرە ۋە ئايەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا رۇكۇئ (ركوع)، مەنزىل (منزل)، ھىزب (حزب)، جۇزئ - پارە (جزء) قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇلار ئىچىدە ھازىر كەڭ ۋە ئورتاق قوللىنىلىۋاتقىنى جۇزئ بىلەن ھىزب بويىچە بۆلۈش بولۇپ، باشقىلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قوللىنىلغان ۋە ئەمەلدىن قالغان. تۆۋەندە ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە چۈشەنچە بېرىپ ئۆتىمىز:

**رۇكۇئ** (ركوع): قۇرئاننى قىرىق بۆلەككە بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان ئاتالغۇ بولۇپ، بۇ ئاتالغۇ بويىچە ھەربىر رۇكۇئ قۇرئاننىڭ قىرىقتىن بىرىنى كۆرسىتىدۇ. رۇكۇئ بىرلىكىدە بۆلۈنگەن قۇرئان نۇسخىلىرىدا ھەر بىر رۇكۇئنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى خاس بەلگىلەر ۋە رۇكۇئنىڭ قىسمىي كۆرسەتمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

**مەنزىل** (مَنْزِل): بۇ، قۇرئاننى سۈرىلەرنى پاسىل قىلىپ، يەتتە بۆلەككە بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان ئاتالغۇ. بۇ خىل بۆلۈش بويىچە بولغاندا فاتىھە

سۈرىسىدىن مائىدە سۈرىسىگىچە بولغان قىسىم 1 ـ مەنزىل، مائىدە سۈرىسىدىن يۇنۇس سۈرىسىگىچە بولغان قىسىم 2 ـ مەنزىل، يۇنۇس سۈرىسىدىن بەنى ئىسرائىل سۈرىسىگىچە بولغان قىسىم 3 ـ مەنزىل، بەنى ئىسرائىل سۈرىسىدىن شۇئەرا سۈرىسىگىچە بولغان قىسىم 4 ـ مەنزىل، شۇئەرا سۈرىسىدىن ساففات سۈرىسىگىچە بولغان قىسىم 5 ـ مەنزىل، ساففات سۈرىسىدىن قاف سۈرىسىگىچە بولغان قىسىم 6 ـ مەنزىل، قاف سۈرىسىدىن ناس سۈرىسىگىچە بولغان قىسىم 7 ـ مەنزىل. بۇ، سۈرىلەرنىڭ باش ھەرپلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، «فَمِيَ بِشَوْقٍ» دەپمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

**ھىزب (حِزْب)**: بۇ، قۇرئاننى 60 بۆلەككە بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان ئاتالغۇ. ھازىرقى قۇرئان نۇسخىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھەر بىر ھىزبنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىلىرى پارىلەرنىڭ بۆلۈنۈش نوقتىسىغا يانداش ھالدا كونكىرت بەلگىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇنى دىققەت قىلىنىسىلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

جۇزئ ـ پارە(جزء): بۇ، قۇرئاننى ھازىر بىزگە مەلۇم بولغاندەك 30 بۆلەككە بۆلۈشتىن كېلىپ چىققان ئاتالغۇ. بۇ ئاتالغۇ بويىچە بولغاندا قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر 20 بەت ياكى 10 ۋەرەقى بىر جۇزئ ھىسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىستىئازە ۋە بەسمەلە تەرتىبلىرى
# (الإِسْتِعَاذَةُ وَالْبَسْمَلَةُ)

**س: ئىستىئازە ۋە بەسمەلە دېگەن نېمە؟**

ج: ئىستىئازە بولسا، (أَعُوذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمْ)نىڭ ناملاشتۇرۇلغان شەكلى. بەسمەلە بولسا، (بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْم)نىڭ ناملاشتۇرۇلغان شەكلىدۇر.

**س: قۇرئان ئوقۇش ئالدىدا ۋە ئارىلىقلىرىدا ئىستىئازە ۋە بەسمەلە ئوقۇشنىڭ تەرتىبلىرى قانداق بولىدۇ؟**

ج: نامازدا ياكى باشقا چاغلاردا قۇرئان ئوقۇماقچى بولغانلار ئاللاھنىڭ: «ئەي مۇھەممەد، سەن قۇرئان ئوقۇساڭ ئاللاھقا سېغىنىپ قوغلاندى بولغان شەيتاندىن پاناھ تىلىگىن» دېگەن ئايىتى ۋە قۇرئان كەرىمدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن تۇنجى ۋەھيى بولمىش «ئوقۇ» سۈرىسى «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ نامى بىلەن ئوقۇ» دەپ باشلانغانلىقىغا ئاساسەن ئەڭ ئالدى بىلەن ئەئۇزۇ (أعوذ بالله من الشيطان الرجيم) بىلەن باشلاش پۈتكۈل ئىسلام پېشۋالىرىنىڭ قارىشىدا مۇستەھەب سانالسا، بىسمىللاھ (بسم الله الرحمن الرحيم) بىلەن باشلاش سۈننەتتۇر.

تۆۋەندە ئىستىئازە بىلەن بەسمەلەنىڭ ھەر قايسى ھالەتلەردىكى ئوقۇلۇشىنى سىخىما ئارقىلىق كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

| | |
|---|---|
| بىرىنچى | ھەممىنى ئۈزۈپ ئوقۇش<br>أعوذ بالله من الشيطان الرجيم ئۈزۈپ بسم الله الرحمن الرحيم ئۈزۈپ والضحى |
| ئىككىنچى | ئىستىئازىدە توختاپ، بەسمەلەنى سۈرىگە ئۇلاپ ئوقۇش<br>أعوذ بالله من الشيطان الرجيم ئۈزۈپ بسم الله الرحمن الرحيم ئۇلاپ والضحى |
| ئۈچىنچى | ئىستىئازەنى بەسمەلەگە ئۇلاپ ئوقۇپ توختىغاندىن كېيىن سۈرىنى باشلاش<br>بسم الله الرحمن الرحيم ئۇلاپ أعوذ بالله من الشيطان الرجيم ئۈزۈپ والضحى |
| تۆتىنچى | ھەممەنى ئۇلاپ ئوقۇش<br>بسم الله الرحمن الرحيم ئۇلاپ أعوذ بالله من الشيطان الرجيم ئۇلاپ والضحى |

ئىككى سۈرە ئارىلىقىدا بەسمەلە ئوقۇشنىڭ شەكلى مۇنداق بولىدۇ:

| | |
|---|---|
| بىرىنچى | ھەممىنى ئۈزۈپ ئوقۇش<br>ولسوف يرضى ئۈزۈپ بسم الله الرحمن الرحيم ئۈزۈپ والضحى |
| ئىككىنچى | ئالدىنقى سۈرىدە توختاپ، بەسمەلەنى كېيىنكى سۈرىگە ئۇلاپ ئوقۇش<br>ولسوف يرضى ئۈزۈپ بسم الله الرحمن الرحيم ئۇلاپ والضحى |
| ئۈچىنچى | ھەممىنى ئۇلاپ ئوقۇش<br>ولسوف يرضى ئۇلاپ بسم الله الرحمن الرحيم ئۇلاپ والضحى |

يۇقارقى جەدۋەلدىن كۆرۈنۈپ تۇرغىنىدەك، سۈرە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاخىرىدا بەسمەلەنى ئوقۇغاندا كېيىندىن ئوقۇماقچى بولغان سۈرىدىن ھېچ بولمىغاندا بىر ئايەت چاغلىق بۆلەك بولسىمۇ ئەگەشتۈرۈپ ئوقۇلمىسا بولمايدۇ. چۈنكى مۇشۇنداق بولغاندا بىسمىللاھنىڭ ئالدىنقى سۈرىنىڭ ئايىتى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى يوققا چىقىدۇ ۋە شۇنداقلا بەسمەلەنىڭ سۈرە بېشىدىكى باشلانغۇچلۇق خاراكتېرى گەۋدىلىنىدۇ. ئەمما سۈرە ئەنفال بىلەن سۈرە بەرائە ئارىلىقىدا بەسمەلە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئىككى سۈرە ئارىلىقىدا تىنىق ئېلىپ ئوقۇشقىمۇ، ئۇلاپ ئوقۇشقىمۇ ۋە ياكى تىنىقسىز توختاپ (سەكتە قىلىپ) ئوقۇشقىمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇ جەھەتتە بىلىۋېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نەچچە نۇقتا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئەگەر قۇرئاننىڭ بىز ئوقۇۋاتقان قىسمى مەلۇم سۈرىنىڭ باش تەرىپى بولماي، بەلكى ئۇ سۈرە ئىچىدىكى بەزى ئايەتلەر بولغىنىدا ياكى قىرائەت ئارىلىقىدا بىر سۈرە ئىچىدە يۆتكەلگەن چاغدا ئىستىئازە ئوقۇلسىلا بولىدۇ. ئەگەر قۇرئان ئوقۇۋېتىپ بىر سۈرىدىن يەنە بىر سۈرىگە ئۆتكەن چاغدا، ئوقۇۋاتقان سۈرە تۈگىگەن بولسۇن ياكى تۈگىمىگەن بولسۇن پەقەت بەسمەلە ئوقۇشلا كىفايە قىلىدۇ.

ئەگەر قۇرئانخان(قۇرئان ئوقۇغۇچى) بىرەر سۈرىنى باشتىن باشلاپ ئوقۇماقچى بولسا، ئۇچاغدا ئىستىئازە بىلەن بەسمەلەنى ئوقۇشى شەرت.

مەلۇم بىر سۈرىنى ئوقۇۋېتىپ، تۇساتتىن يەنە بىر

سۈرىنىڭ مەلۇم بىر قىسىم ئايەتلىرىنى ئوقۇماقچى بولغاندا ئىستىئازە ۋە ياكى بەسمەلە ئوقۇشقا ھاجەت يوقتۇر. ھەر قانداق بىر قۇرئان ئوقۇغۇچىنىڭ زۆھا سۈرىسىدىن كېيىنكى سۈرىلەرنى ئوقۇغاندا ھەر بىر سۈرە تۈگىگەندە بىر تەكبىر ئېيتمىقى سۈننەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قىرائەت ماھارىتى ھەققىدە

قۇرئاننى قائىدىلىك ۋە چىرايلىق ئوقۇش مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيىتى.

«قىرائەت» ۋايىغا يەتكۈزۈپ، لايىقىدا قىلىنغاندا، ئۇنىڭ ئەمەلىي ۋە روھىي ئۇنۇمىمۇ ئالاھىدە بولىدۇ.

قىرائەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىش روھىي تۇراقلىقلىق، ئىدىيىۋى مۇكەممەللىكتىن باشقا مەلۇم دەرىجىدە قىرائەت ماھارىتىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى قۇرئاننى ئادەتتىكىچىلا قىرائەت قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. قۇرئان ئاللانىڭ سۆزى، بۈيۈك كىتاپ.

قۇرئاننى چىرايلىق ئاۋاز، گۈزەل ۋە يېقىملىق ئاھاڭ بىلەن مۇڭلۇق ئوقۇش مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام تەكىتلىگەن دىنىي مەزمۇنلاردىن بىرى: «سىلەر قۇرئاننى ئاۋازىڭلار بىلەن بېزەڭلار» (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىي، ئىبنى ماجەلەر رىۋايەت قىلغان ئىشەنچلىك ھەدىس). «قۇرئاننى چىرايلىق ئوقۇمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس» (بۇخارىي رىۋايەت قىلغان)

قىرائەتنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىن سۈپەتلىك قىلىنىشى ئاۋازنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم ئاۋازنى ياخشىلاش ئۈتكىلىدىن ئۆتۈش كېرەك. بۇ جەھەتتە ئوقۇرمەنلەر تۆۋەندە بېرىلگەن

بىر قاتار تەكلىپ ۋە ئۇسۇللارغا رىئايە قىلىپ كۆرسە ياخشى ئۈنۈم قازىنىشى مۇمكىن.

قىرائەتكە تەييارلىق قىلىش باسقۇچى:

I. قىرائەت قىلغۇچى ئۆزىنىڭ زور بىر ئىشنى قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، روھىي جەھەتتىن تېتىك، جۇشقۇنلۇقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

2. تۆۋەندىكى يېنىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بەدەندىكى ھەرقايسى ئەزالارنى ئىختىيارىي ھالەتكە كەلتۈرۈپ، پائالىيەتچانلىقنى ئاشۇرۇش.

1. ئالدى ـ كەينىگە ئىختىيارىي ئېگىلىش، ئوڭدىن ـ سولغا، سولدىن ـ ئوڭغا ئېگىلىپ بەدەننى ئايلاندۇرۇش.

2. قولنى بىر ـ بىرلەپ، ئوڭ ـ تەتۈر ئايلاندۇرۇش.

3. مۈرىنى ئالدى ـ كەينىگە قاراپ تولۇق ئايلاندۇرۇش.

4. بويۇننى ئىختىيارىي ھالدا ئوڭ ـ سولغا ئايلاندۇرۇش.

5. قولاق ئالدىدىكى جاغ سۆڭىكىنى قول بىلەن ئۇۋۇلاپ بوشىتىش (بۇ جەرياندا ئېغىز ئاستا ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ تۇرۇشى كېرەك.)

6. ئېڭەكنى ئەركىن ھالدا پەسكە چۈشۈرۈپ، ئوڭ ـ سولغا ھەرىكەتلەندۈرۈش.

7. تىلنى بوش ھالەتتە ئېغىز سىرتىغا چىقىرىپ، ئېڭەككە تەگكۈچە سوزۇش، تىل ئۇچىنى چىشقا

تەگكۇزۇپ، ئاستى ـ ئۈستى چىش قاتارىنى بويلاپ ئوڭ ـ تەتۈر ئايلاندۇرۇش.

8. ھەرخىل نەپەس ئېلىش ـ چىقىرىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆپكىنىڭ سىغىمچانلىقىنى، تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى، قوۋۇرغىلارنىڭ كېرىلىشىنى ۋە قورساقنىڭ ئىتتىرىش كۈچىنى ئاشۇرۇش. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى ھەرىكەتلەرنى ئىشلەش كېرەك:

1. نەپەسنى ئاستا ئېلىپ، ئاستا چىقىرىش.

2. تېز ئېلىپ، ئاستا چىقىرىش.

3. تېز، قىسقا پۈۋلەش.

يۇقىرىقى ھەرىكەتلەر ئاۋاز مەشىقىنىڭ داغدام يولى.

ئاۋاز مەشىقىدە ئاۋازنى ئازراق، مېڭىنى كۆپرەك ئىشلىتىش كېرەك.

ئاۋاز مەشىقلىرى بۇ ساھە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈپ بايان قىلىشى بويىچە ناھايىتى كۆپ. سىزگە بۇ يەردە قىرائەتكە ماس بولغان ئاۋاز مەشىقىدىن بىر نەچچىنى بايان قىلىمىز.

(1) ئوتتۇرا ئاۋاز رايونى ـ ئاۋازنى ئەڭ تەبىئىي، چىرايلىق ھەم ئىختىيارىي چىقىرىشقا بولىدىغان رايون. شۇڭا مەشىقنى ئوتتۇرا ئاۋاز رايونىدىن باشلاش ئەڭ مۇۋاپىق. بۇ رايوندا ئاۋاز ئورنىنى توغرىلاش، ئاۋاز دائىرىسىنى قەدەممۇ ـ قەدەم كېڭەيتىش لازىم.

(2)ئاۋۋال مەقسەتلىك ھالدا، ئاۋازىڭىزدىكى ئەڭ ئىختىيارىي، تەبىئىي، چىرايلىق چىققان بىر ئاۋازنى

تېپىۋېلىپ مۇقىملاشتۇرۇڭ. ئاندىن شۇ ئاۋاز ئاساسىدا باشقا ئاۋازنى ئۇلاپ چىقىرىڭ.

(3) نەپەسنى يېنىك ئېلىپ، توختاش ئالامەتلىرى قويۇلغان جايدا نەپەس يەڭگۈشلەنسە بولىدۇ. ئاۋاز يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسىرى نەپەس تۆۋەنگە چۈشىدۇ.

ئاۋاز سۈزۈك، ئەركىن، راۋان، بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ چىقىدۇ.

ھەرپلەرنى تولۇق تەلەپپۇز قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنىڭ ئەڭ ئەسلىي بولغان، ئۆزگەرمىگەن، سۈنئىيلەشتۈرۈلمىگەن ئاۋازىمىزنى قوشىمىز.

قىرائەتنى چىرايلىق قىلىمەن دەپ ئاۋازنى بەكلا ئىنچىكە ياكى بەكلا بوم چىقىرىۋەتكەندە سۈنئىيلىك شەكىللىنىپ، يېقىمسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا ئاۋازنى ئامال بار تەبئىي چىقارغان ياخشىدۇر.

قىرائەتتە ئاۋازنىڭ ياخشى بولۇشى ـ ئاڭلىغۇچىنىڭ ياخشى ئاۋازغا ئىختىيارى بېرىلىپ، ئۇنىڭغا ئىخلاسمەنلىك بىلەن قۇلاق سېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. شۇڭا قىرائەت قىلغۇچى ئۆز ئاۋازىنىڭ گۈزەل، جاراڭلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك.

ئاڭلىغۇچى قىرائەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيدىغان ئەھۋالدا، چىرايلىق ۋە مۇڭلۇق چىقىرىلغان ئاۋازنى ياخشى دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئاۋازنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسلىدىكى ياخشى بولمىغان ئاۋازنى ياخشىلاشقا، ئەگەر بەك ئىنچىكە بولۇپ كەتسە ئۇنى

قىلىنىلىتتىپ ئوقۇشقا، بەك قوپال، تومۇ بولۇپ كەتسە، ئىنچىكىرەك قىلىپ ئوقۇشقا دىققەت قىلىنسا، ئاۋاز نورماللىشىشقا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

قىرائەت ئاھاڭلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ مېلودىيەسىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا بايان قىلىپ بېرىشتىن مەئزۇرمىز.

چۈنكى بىزنىڭ بايقىشىمىزچە قىرائەت ئاھاڭلىرى تېخىچە نوتىغا سېلىنغىنى يوق. بۇنىڭ نۇرغۇن سەۋەبلىرى بار، ئەلۋەتتە. لېكىن شۇنداقتىمۇ قىرائەت ئاھاڭلىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل ئورتاقلىققا ئىگە. يەنى ئۇلارنىڭ ھەر قانداقى زەنجىرسىمان ئۇدار بويىچە تەڭداش رىتىمغا ئىگە بولۇپ، ئۆرلەش ۋە تۆۋەنلەش بىرخىل تەكشىلىك ئىچىدە داۋام قىلىدۇ.

ئاۋازنى ياخشىلاشقا نىسبەتەن يۇقىرىقىلار تېخى يېتەرلىك چۈشەنچە بېرەلمەسلىكى ئېنىق. شۇڭا بۇ ساھەدىكى مەخسۇس كىتاپلارنى كۆرۈشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## «قىرائەت» ئۆگىنىش تەدبىرلىرى

قىرائەت ئۆگىنىشتە، خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش نەزىرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

شۇڭا ئۇنى ئۆگىنىشتە تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە باشلاش ـ ئاخىرلاشتۇرۇش مۇۋاپىق.

1) تەجۋىد ئىلمىنى مىساللىرى بىلەن قوشۇپ پۇختا چۈشىنىش، يادقا ئېلىش كېرەك. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچىنىڭ توغرا يېتەكلىشى بىلەن بىرگە ئۆزىمۇ توغرا ئىجادىي ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆگەنسە بولىدۇ.

2) ئۇن ـ سىن بۇيۇملىرىدىن پايدىلىنىپ، زامانىمىزدىكى مەشھۇر قىرائەت ئۇستازلىرى، قارىيلارنىڭ ئوقۇش ئۇسۇلى، ئاھاڭ بويلىمىسى(مىلودىيىسى)، ئاۋاز ئىشلىتىشى، تەلەپپۇز ئۇسلۇبى قاتارلىقلاردىن ئۇنۇملۇك ھالدا زوق ئېلىش، ئۆز ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇپ تىل ۋە ئاۋازنى كۆپ چىنىقتۇرۇش، كۆپ تەكرارلاش لازىم. شۇنداقلا بۇلارنى ئۆگەنگەندە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ماس قەدەمدە بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە توختاش يوسۇنلىرى بويىچە قۇرئاندا كۆپ قوللىنىلىدىغان شەرتلىك بەلگىلەر

## (عَلاَمَاتُ الْوَقْفِ وَمُصْطَلَحَاتُ الضَّبْطِ)

م توختاش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
لا توختاشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ج توختىسىمۇ، توختىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
صلى توختاشتىن ئۇلاپ ئوقۇش ياخشىراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
ئۇلاپ ئوقۇشتىن توختاش ياخشىراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
∴ ئارقىمۇ - ئارقا كەلگەن ئىككى سۆزنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان بۇ بەلگە توختاشقا توغرا كەلگەندە ئىككى سۆزنىڭ ھەمماندە بىرسىدىلا توختاشقا بولىدىغان، ئىككىلا سۆزدە توختاشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ە شۇ ئورۇندا ئارتۇق ھەرپ بارلىقى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ه شۇ ئورۇندا ئۇلاپ ئوقۇغاندا ئوقۇلىدىغان ئارتۇق ھەرپ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ـ شۇ ئورۇندىكى ھەرپىنىڭ ساكىنلىق ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
م شۇ ئورۇندا «ئىقلاب» بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ـ شۇ ئورۇندىكى تەنۋىنگە «ئىخفا» قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ـ شۇ ئورۇندا «ئىدغام» بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ـ شۇ ئورۇندا «ئىخفا» بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
و ى ن شۇ ئورۇندا شۇ خىل ھەرپلەرنىمۇ تەلەپپۇزغا قاتناشتۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
س شۇ ئورۇندىكى (ص) ھەرپىنى (س) ھەرپىدەك تەلەپپۇز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر بۇ بەلگە ھەرپىنىڭ ئاستىغا قويۇلسا، ھەرپىنى (ص) تەلەپپۇزىدا ئوقۇشنىڭ مۇۋاپىقراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
ـ شۇ ئورۇندا ئالاھىدە سوزۇلىدىغان مۇقىم مەد بارلىقىنى

بىلدۈرىدۇ.
شۇ ئورۇندا سەجدە ئايىتى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
شۇ ئورۇننىڭ پارە، ھىزب، يېرىم ھىزب، چارەك ھىزب قاتارلىق قۇرئان بۆلەكلىرىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
شۇ ئورۇندا ئايەتنىڭ ئاياغلاشقانلىقى ۋە ئايەت نومۇرىنى بىلدۈرىدۇ.
ط كۆپ قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، مۇشۇ يەردە توختاپ، كېيىنكى سۆزدىن باشلاپ داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش بىر قەدەر ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
ح توختاشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ص زۆرۈر تېپىلغاندا توختاشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ق ئاز بىر بۆلەك ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە، توختاشقا بولىدىغانلىقى، ئەمما ئۇلاپ ئوقۇشىنىڭ ياخشىراق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بەلگە.
س سەكتە ئورنى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.
قف توختىسا ياخشى ئەمما ئۇلاپ ئوقۇسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ
ز توختاشقا بولىدىغان ئەمما ئۇلاپ ئوقۇلسا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ک خاراكتېرى يۇقىرىقىغا ئوخشاش.
ع كوفە قۇرئانشۇناسلىرىنىڭ بىكىتىشى بويىچە ھەر ھىزبىنىڭ ئوندىن بىرى(يەنى ئۇشر) ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
عب بەسرە قۇرئانشۇناسلىرىنىڭ بىكىتىشى بويىچە ھەر ھىزبىنىڭ ئوندىن بىرى(يەنى ئۇشۇر) ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ه كوفە قۇرئانشۇناسلىرىنىڭ بېكىتىشى بويىچە ھەر ھىزبىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى (خۇمۇس) ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
خب بەسرە قۇرئانشۇناسلىرىنىڭ بېكىتىشى بويىچە ھەر ھىزبىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى (خۇمۇس) ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
لب بەسرە قۇرئانشۇناسلىرىنىڭ قارىشىدا ئايەت بېشى ھىسابلانمايدىغان ئورۇننى بىلدۈرىدۇ.
تب بەسرە قۇرئانشۇناسلىرىنىڭ ھېسابىدا ئايەت بېشى بولۇپ كەلگەن ئورۇننى بىلدۈرىدۇ.
ب بىر ھىزب ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.
ف بىر ھىزب يېرىملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## سُورَةُ الفَاتِحَةِ

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ ﴿١﴾

ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ ﴿٢﴾ ٱلرَّحْمَٰنِ
ٱلرَّحِيمِ ﴿٣﴾ مَٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّينِ ﴿٤﴾
إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ ﴿٥﴾
ٱهْدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ ﴿٦﴾ صِرَٰطَ
ٱلَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ ٱلْمَغْضُوبِ
عَلَيْهِمْ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ ﴿٧﴾

ئالتە ھەرىكەت سوزۇلىدىغان ئىزچىل مەد — ئىككى، تۆت ياكى ئالتە ھەرىكەت سوزۇلسا بولىدىغان مەد
تۆت ياكى بەش ھەرىكەت سوزۇلىدىغان ۋاجىپ مەد — ئىككى ھەرىكەت سوزۇلىدىغان مەد



ئىخفا، غۇننە نۇنى (ئىككى ھەرىكەت) — كۆتۈرەڭگۈ ئوقۇلىدىغان «را»
ئىدغام، ئوقۇلمايدىغان تاۋۇش — قەلقەلە ھەرپى

۞ تِلْكَ ٱلرُّسُلُ فَضَّلْنَا بَعْضَهُمْ عَلَىٰ بَعْضٍ ۘ مِّنْهُم مَّن كَلَّمَ ٱللَّهُ
وَرَفَعَ بَعْضَهُمْ دَرَجَٰتٍ ۚ وَءَاتَيْنَا عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱلْبَيِّنَٰتِ
وَأَيَّدْنَٰهُ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ ۗ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ مَا ٱقْتَتَلَ ٱلَّذِينَ
مِنۢ بَعْدِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا جَآءَتْهُمُ ٱلْبَيِّنَٰتُ وَلَٰكِنِ ٱخْتَلَفُوا۟
